پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

ISSN:2147-8031

- باش تەھرىر: ئۇيغۇرلار ئەمدى تەپەككۇر يۈرگۈزمىسە بولمايدۇ
- ئابدۇرېھىم تۇرسۇن: قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئامىللار
- ئەركىن ئەكرەم: چەنتۇ - خىتاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى (2)
- ئۆمەرجان نۇرى: مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى
- گراھام فۇللىر، جوناتان نىيمان: شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى

2014/1

يىل: 2 / سان: 5

# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - سان

(يانۋار، فېۋرال، مارت)

2014

2 - يىل، ئومۇمي 5 - سان



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د.ئەسەت سۇلايمان

ف.د.ئالىمجان ئىنايەت

د.نۇرئەھمەت قۇربان

د.ئەركىن ئەمەت

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.net

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.net


ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاترىلىتىدۇ.

# ئانا يۇرت

پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

# بۇ ساندا

**باش تەھرىر**

ئۇيغۇرلار ئەمدى تەپەككۇر يۇرگۈزمىسە بولمايدۇ........................................................ 3

**دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن**

قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىكى

ئورتاق ئامىللار ........................................................................................... 6

**ئۆمەرجان نۇرى**

مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى ........................................................................31

**دوكتور ئەركىن ئەكرەم**

چەنتۇ - خىتاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش

جەريانى (2)..................................................................................................37

**گراھام فۇللىر، جۇناسان لىيمان**

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى .........................................................81

باش تەھرىر:

# ئۇيغۇرلار ئەمدى تەپەككۇر يۆرگۈزمىسە بولمايدۇ

ئىنسانلار دۇنيانى پەقەت تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا بىلەلەيدۇ ۋە چوڭقۇر تونۇيالايدۇ. تەپەككۇر، ئىگە بولغان بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئەقلىي رەۋىشتە سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە يېڭى ئىدىيە يارىتىش جەريانىدىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە يېڭى چۈشەنچىلەر بارلىققا كېلىدۇ. چۈشەنچە دېگىنىمىز، قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىيال، ئاخبارات، ئۇچۇر، مەلۇمات، تەجرىبە، دەلىل، ئىشەنچ ۋە سەزگۈلەر ئۈستىدە راتسىيونال بىر رەۋىشتە ئەقىل يۈرگۈزۈش، تۇيغۇلاردىن ئىلھام ئېلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، مۇئەييەن تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان بىر ئىدىيەنى كۆرسىتىدۇ. بىراق پۈتۈن بۇ جەرياندا تەپەككۇر قىلىش رەۋىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تەپەككۇر رەۋىشى، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن چۈشەنچىنىڭ توغرا، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىدە ھەل قىلغۇچ ئامىلنى تەشكىل قىلىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 4-6 - ئەسىرلەردە خىتاي ۋە قەدىمىي يۇناندا نۇرغۇن مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە نېمە ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ئىزباسارلار يېتىشىپ چىقالمىدى؟ ياۋروپاغا نىسبەتەن جاھالەت دەۋر ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئەسىردە، مۇسۇلمانلار قانداقىسىگە ئالتۇن دەۋر يارىتىپ مەدەنىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز ھالىغا كېلەلىدى؟ 16 - ئەسىردىن كېيىن ياۋروپادا نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، ئالىملار قانداق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ياۋروپا قانداق قىلىپ بىر ئىلىم – پەن مەركىزىگە ئايلىنالىدى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب

بېرىش ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك. بىراق زېھنىيەت، يەنى چۈشەنچە مەسىلىسىنى، بۇ ھادىسىلەردىكى ئورتاق بىر ئامىل دەپ كۆرسىتىش تامامەن مۇمكىندۇر. چۈنكى تەپەككۇر قىلىش بىر زېھنىي جەرياندىن ئىبارەتتۇر. زېھنىيەتنىڭ، يەنى چۈشەنچىنىڭ ئاساسى كۈلتۈردۇر، ھەمدە ھەر كۈلتۈر بىر مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قانداق بىر ئىنسان توپى ياكى جەمئىيەت، دەۋرىي ۋە ياكى ئۇنىۋېرسال بىر چۈشەنچە يارىتالمايدۇ. كۈلتۈرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى بىر زېھنىيەت ياكى چۈشەنچە، بىر ئىنسان توپى ياكى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ياكى گۇمران بولۇشى، مۇتەپەككۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى ياكى چىقالماسلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىسىدۇر. ئوخشاشلا زېھنىيەت ياكى چۈشەنچە، ئاجىز ئىنسان توپى ياكى جەمئىيەتنى كۈچلەندۈرەلەيدۇ. چۈنكى، ئىلغار ۋە ئوچۇق پىكىرلىك بىر چۈشەنچە، ئاجىز جەمئىيەتكە كۈچلۈك جەمئىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلار ئۈستىدە ئەقىل يۈگۈرتۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقالامدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ساغلام بىر شەكىلدە يۈرگۈزەلىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. تارىخ سەھىپىلىرىگە قارايدىغان بولساق، كۈچلۈك جەمئىيەتتە نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ياكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۈچلۈك جەمئىيەت بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى كۈچلۈك جەمئىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ بولماسلىقى ياكى ئاز بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار، ئۆزىنىڭ ئاڭ – سەۋىيەسىنى ئۆستۈرەلمىگىنىدەك، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىنىمۇ قوغداپ قالالمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ خىيالى، ئارمانى ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىلمىي بىر ئۇل قۇرۇلمىغا ئىگىمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر شەكلى ۋە مېتودى توغرىمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ئايدىڭلاشمىغۇچە، ئارزۇ – ئارمانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

تەسكە توختايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىلمىي بىر ئۇل – ئاساس بولمىغان تەپەككۇر، چۈشكە ئوخشايدۇ. ئۇسۇل ۋە مېتودى توغرا بولمىغان بىر تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق، توغرا بىر چۈشەنچە ياكى ئىدىيە بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بەزى دۇنياۋى تىللاردىن خەۋەردار ۋە مۇئەييەن سەۋىيەدىكى ئىلىم، تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، مىللىي كىملىكىنى بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي ئۇل – ئاساسىنىڭمۇ مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق مېتود ۋە ئۇسۇل جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەر ھېلىھەم ساقلىنىۋاتىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇل ۋە مېتودلىرى كۆپ خىلدۇر. تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ ئىگە بولغان بىلىمى ۋە ئۇچرايدىغان كۈلتۈرىي تەسىر سەۋەبىدىن، ئىندىۋىدۇئال خاسلىققا ئىگە بەزى تەپەككۇر شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇيغۇرلارغا خاس ۋە ئۇنىۋېرسال تەسىر كۈچكە ئىگە بولغان بىر چۈشەنچە، ئۇيغۇرلارنى كۈچلەندۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى يەنە بىر يېتەرسىزلىك بولسا، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى نەزەر دائىرە تارلىقى مەسىلىسىدۇر. بىر مەسىلە يالغۇز بىر نەتىجە بەرسىمۇ، ئۇ مەسىلىنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، مەسىلىنىڭ كۆپتەرەپلىمە بولىدىغانلىقلىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. سەۋەبتىن نەتىجىگىچە بولغان جەرياندا تەسىر كۈچىگە ئىگە نۇرغۇن ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مەسىلىنى كۆپ قىرلىقلاشتۇرىدۇ.تەكەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەت، مەسىلىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىشتا ھەر تەرەپتىن ئويلىششىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئەقلىي ۋە ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. چۈنكى تەپەككۇر قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر ۋە بەندىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمەل - ئىبادەتلىرىدىن بىرىدۇر!

دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن

# قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي- پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئامىللار[1]

## مۇقەددىمە

9 - ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مىلادىيە 840- يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك ۋە سىياسىي ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتى يېڭى بىر دەۋرگە كىردى. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنلىرىغا كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى[2] ئۇ يەردە يېڭى دۆلەتلەرنى قۇردى. غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇ يەردە ئىلگىرى -كېيىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ( 866- 1363)، قاراخانىيلار سۇلالىسى (9- ئەسىر- 1212) ۋە گەنجۇ دۆلەتلىرىنى (866-1028) بەرپا قىلدى. پەقەت سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن گۈللىنىش، بۇ ۋاقىتتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئىدىقۇت مەملىكىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس خاراكتېرىدۇر. بىراق، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ، ئاخىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئەمما، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلە قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا ھەل قىلغۇچى كۈچلەرگە ئايلاندى. گەرچە، مەزكۇر ئىككى ئۇيغۇر- تۈركىي خاندانلىقى ئىككى خىل دىنىي مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەردە ئورتاقلىق مۇھىم يۆنىلىشلەر بار بولدى. پەلسەپىۋى ئىدىيىلەردىكى بۇ

(1) بۇ، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرېھىم تۇرسۇن (1973- 2013) نىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان ماقالىسى بولۇپ، ئاكىسى دوكتور نەبىجان تۇرسۇن تەرىپىدىن تەمىنلەندى (ئانا يۇرت ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى).

(2) زەكى ۋەلىدى توگان، «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرىگە قاراڭ.

خىل ئورتاقلىقلارنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن شەرھىيلەيمىز:

## 1- مىللىي ئىدىيە

ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلامنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق ۋە ئۈممەت چۈشەنچىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئەسلى كوپ ئەسىرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللەت«بودۇن» چۈشەنچىلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەرەبلەر ۋە پارسلاردىن ئېتنىك ئالاھىدىلىكلەر نوقتىسىدىن ئايرىپ قارىغان ئىدى.

تۈركىي خەلقلەردىكى «بودۇن» چۈشەنچىسى، يەنى «بودۇن» بىلەن خەلق ۋە دۆلەت بىرلەشتۈرۈلگەن چۈشەنچە، كۆك تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدىلا مۇكەممەللىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە ئەمەلىيەتتە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. «تۇنيۇقۇق»، «كۈل تېكىن»، ۋە «مويۇنچۇر» ئابىدىلىرىدە شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە مەزكۇر مىللىي ئىدىيە، يەنى ئەشۇ 8- ئەسىردە يوللۇغ تېگىن خاتىرىگە ئالغان ۋە تەكىتلىگەن ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ئىدىيەسى يەنە روشەن ھەم تەكرار شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان ئىدى. 8- ئەسىردىكى مەزكۇر بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر سىياسىي ۋە ئېتنىك گەۋدە ئاستىغا توپلاش غايىسى قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا تېخىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېنىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھاكىمىيەت ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە سىياسىي كىملىكىگە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن، بۇنىڭغا كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن ئىدى.[3] مەھ- ـمۇد كاشغەرىي تەكىتلىگەن «تۈركلەر» ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىن بىر تەرەپتىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ۋە تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتاتتى.

(3) *Махмуд ал-Кашгари* Диван Лугат ат-Турк / З-А. М. Ауэзова. — Алма-Ата: Дайк-Пресс, 2005. (رۇسچە)

ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرىگە قاراڭ.

مىلادىيە 840- يىلىدىن كېيىن، قاراخانىيلار دۆلىتى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ۋە گەنجۇ (كەڭسۇ)[4] ئۇيغۇر دۆلەتلىرى دەسلەپتە ئاساسلىقى بۇددىزىم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا راۋاجلىنىشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق، قاراخانىيلار دۆلىتى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئېتىقاد جەھەتتە شەرقتىكى باشقا ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىدىن پەرقلىق يولنى تاللىۋالدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان قاراخانىيلار بىلەن بۇددىزىم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر- تۈركىي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئېتىقاد توقۇنۇشى كېلىپ چىقىپ ئاخىرىدا ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. تارىخىي ئەمەلىيەت بۇ ئۇرۇشلارنىڭ مىللىي ئۇرۇش ۋە ياكى سىياسىي جەھەتتىن بىر- بىرىنى بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ئېتنىك تۈركۈمگە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدىكى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ خاراكتېرنى ئالماي، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز چېگرالىرىدىن ئۆتمەي، تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇلتان سۇتۇق دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن چوڭ ۋە كونا دۆلەت سامانىيلار خاندانلىقى (875 ـ 999) نى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلەش كۈرىشىگە ئاتلانغان بولۇپ، بۇنى سۇلتان سۇتۇق ئۆز ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇردى. نەتىجىدە، قاراخانىيلار قوشۇنلىرى مىلادىيە 990 ـ 992- يىللىرى ئارىسىدا ئىسفىجاب، پەرغانە، سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ھەسەن بۇغراخان مىلادى 992- يىلى ۋاپات بولغاندا سامانىيلار قايتىدىن بۇخارانى تارتىۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مىلادىيە 999- يىلى، ناسىر ئىبنى ئارسلان خان ئانچە كۈچلۈك بولمىغان قارشىلىقلارنى يوقىتىپ، بۇخارانى قايتا ئىشغال قىلىپ، سامانىيلار خاندانلىقىنى ئۈزۈل- كېسىل يوقاتتى.[5] بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ، ھەربىي كۈچ ۋە نوپۇس جەھەتتىن

(4) «كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئاتالغۇ ت.ئالماس ۋە باشقا بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقارا ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا يەنىلا خېشى كارىدورىدىكى «گەنجوۇ» شەھىرى نامى بويىچە مەزكۇر ئۇيغۇر دۆلىتى «گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. رۇس- سوۋېت ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئا.گ.مالياۋكىن ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ «ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى» ( رۇسچە نەشرى) دا بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلدى.

(5) Davidovich, E. A. (1998), “Chapter 6 The Karakhanids”, in Asimov, M.S.; Bosworth, C.E., *History of Civilisations of Central Asia*, 4 part I, UNESCO Publishing, pp. 119–144

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. مىلادىيە 1006- يىلى، يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى ئىشغال قىلدى. مۇھىم نۇقتا شۇكى، يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت سامانىيلار خاندانلىقىنى يوقىتىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن يانمىغان قاراخانىيلار نېمە ئۈچۈن خۇددى خوتەننى بويسۇندۇرۇپ، ئىسلاملاشتۇرغاندەك ۋە سامانىيلارنى يوقاتقاندەك كۈچارنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇش يولىنى تۇتمىدى؟ ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا ئۆزىگە قارىغاندا ئاجىز بىر بۇددىزم ئېتىقادىدىكى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدى؟ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، بۇنىڭدىكى بىر قاتار سەۋەبلەر قاتارىدا قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار گەرچە بىر دىندىكى دۆلەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈچلۈكلۈك ۋە ھۆكۈمرانلىق تالىشىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي ۋە مىللىي خاراكتېردىكى ئۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغىنىغا ئىككى ئەسىردىن ئاشقان سامانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قاتلىمى تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بولۇپ[6]، سامانىيلار خان جەمەتى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئۆزلىرىنى ساسانىيلار خانلىرىغا باغلايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئىگىلىگەن سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن يايلاق رايونلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك توقۇنۇشلار داۋاملاشقان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ قولىدا بولۇشى ھەم ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي- سىياسىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۇلار بىلەن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا مەلۇم زىددىيەت ئامىللىرىنى ياراتقان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە ئۆرپ- ئادەت قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىدىكى پەرقلەرمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ نېگىزلىرىدىن بىرى كۆك تۈركلەر بىلەن ساسانىيلار( 224 - 651) ئارىسىدىكى

(6) بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى كىتابلارغا قارالسۇن:

Бартольд В.В. История Туркестана // Бартольд В.В. Собрание сочинений ( V.V. Bartold Eserliri.2-tom.1-qisim) . Т. 2. Ч. 1. С. 121. Гафуров Б.Г. Таджики. Древнейшая, древняя и средневековая история ( B.G. Gapurof. Tajiklar: Qedimki we ottura esirler tarixi. 2-tom.Dushenbe. Т. 2. Душанбе: Ирфон, 1989. С. 86-95.( rusche )

توقۇنۇشلار دەۋرىگە تۇتىشاتتى.

ئىشەنچلىك ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر قاراخانىيلار سۇلالىسى كۇچارنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئىسلاملاشتۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان بولسا، بەلكى بۇ مەقسىتىگە يېتەتتى، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدىكى ئۇرۇشلار پارتلىشى، ئۆزلىرىنىڭ قان- قېرىنداشلىرى، يەنى ئۆز قوۋملىرى بىلە ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋەھالەنكى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلاملاشتۇرۇشنى شەرقتە پەقەت كۇچارغىچە بولغان جايلاردىلا توختىتىپ، قوچۇ دۆلتى، يەنى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدى. بۇ، قۇدرەتلىك ئوتتۇرا شەرق جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ۋە ئىسلامنى كېڭەيتىش غايىلىرىگە زىت ئەھۋال ھېسابلىناتتى. قاراخانىيلار سۇلتانلىرى نېمە سەۋەبتىن خوتەن رايونىنى بويسۇندۇرۇشتىن قەتئىي توختاپ قالماي، بۇ جاينى تولۇق بويسۇندۇرۇش ۋە ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغىچە نىيىتىدىن يانمىدى. ئەمما تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە سىياسەت يۈرگۈزدى؟

بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەبلەرنى ھەر خىل تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىشتىن باشقا ئەڭ مۇھىم نۇقتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خان جەمەتى ۋە خانلىقنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق قاتلىمى ۋە ئاساسىي ئاھالىسى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلە- ئۇرۇق جەھەتتىكى تۇغقانلىق ھەم يېقىنلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنىي پەرقتىن كۈچلۈك كەلگەنلىكىدۇر. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلە بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى تەسىس قىلغان قەبىلە ئەسلى 840- يىلى ئورخۇن ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قالغانلىقى خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر بولۇپ، 840- يىلى، قاغانلىق قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر غەرب ۋە جەنۇب ۋە باشقا تەرەپلەرگە تارقالغاندا، ئاساسىي قەبىلىلەر تۇرپان، كۇچار، قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ ماكانلاشقان ئىدى.[7] مانا بۇ گۇرۇپپىلار ۋە بۇ يەرلەردە ئەسلىدىن مەۋجۇت ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسىدا

(7) ۋېي لياڭتاۋ .قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ئوچېرىكى . 1986- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ختايچە.

ئىلگىرى-كېيىن ئىككى ھاكىمىيەت مەيدانغا چىققان ئىدى. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەشقەر ئەتراپى، جۇملىدىن قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى ئىسلاملىشىشتىن ئىلگىرى ئۇلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇت خان جەمەتى ئارىسىدا، قاراخانىيلار پۇقرالىرى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى پۇقرالىرى ئارىسىدا قويۇق مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان ئىدى. بولۇپمۇ، كۇچار، قاراشەھەر رايونى بىلەن تۇرپان ۋادىسى ئارىسىدا ئەزەلدىن ئەڭ زىچ ئالاقىلەر بولۇپ تۇرغان ئىدى. مۇنداق ئەسلىدىن ئېتىنىك، دىنىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە پەلسەپۋى تەپەككۇرلار جەھەتتىن ئورتاقلىققا ۋە ياكى زور دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە ئاھالىلەرنىڭ دىن ئۆزگەرتىشى بىلەن تەڭلا ئۆزئارا بىر- بىرىنى قىرغىن قىلىپ، بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خوتەن رايونىغا قاراتقان دىنىي ۋە سىياسىي ئۇرۇش يەنە ئېتنىك خاراكتېرگىمۇ ئىگە بولۇپ، خوتەن دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىلا تېخى تولۇق تۈركىي- ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ ئايرىم ئۆزلىرىگە خاس تىلىمۇ بارلىقىغا قارىغاندا، 10- ئەسىردە خوتەن رايونىدا ئۇيغۇر- تۈركىي قەبىلىلەردىن باشقا يەنە بۇددىزم ئېتىقادى كۈچلۈك ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا تەۋە ئاھالىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، خوتەنلىكلەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قەتئىي بويسۇنماي ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلماي كۆرەشنى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشتۇرۇشىدا مانا بۇ خىل ئاز ساندىكى ئېتنىك پەرق ئېلېمېنتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خوتەن خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىمۇ ئۇرۇغ جەھەتتىن قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن پەرقلىق ئۇرۇق- قەبىلىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر تارىخىدا مۇنداق ئوخشىمىغان قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاش ۋە ئوخشاش قەبىلىلەر بىرلىشىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. خوتەن دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىنىڭ قايسى ئۇيغۇر ياكى تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

يەنە بىر ئەڭ مۇھىم ئامىل، خوتەننىڭ 1000 يىلغا يېقىن بۇددىزم مەركىزى بولۇشى ۋە بۇ يەردىكى ئاھالىلەردە بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد مۇستەھكەم داۋاملاشقانلىقى بولسا كېرەك. قاراخانىيلار بىلەن خوتەننىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىدە دىنىي قارشىلىق ئىدىيەلىرى ئېتنىك ۋە قەبىلىۋى ئورتاقلىقنى بېسىپ

چۈشكەن بولۇپ، لېكىن كېيىن خوتەن بەربىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قاراخانىيلار بىلەن ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق ئېتنىك كىملىك ۋە دۆلەت كىملىككە ئىگە بولدى. ئەگەر، ئىلگىرىدىنلا خوتەن ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر- تۈركىي ئېتنىك تەركىبىگە مەنسۇپ بولمىغان بولسا ۋە ياكى ئۇيغۇر- تۈركىي ئېتنىك ئامىلى بۇ رايوندا بەك ئاز بولغان بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ مۇنداق پۈتۈنلەي تۈركلىشىشى ياكى ئۇيغۇرلىششى ئىشقا ئاشمىغان بولار ئىدى. مۇنداق ئايرىم ھاكىمىيەت ۋە چوڭ زېمىنغە ئىگە شۇنىڭدەك باشقىلاردىن ئايرىلىپ، ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بىر مىللەتنىڭ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىردىنلا باشقا مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئېتنىك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خوتەنلىكلەر 11- ئەسىردە قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بىراقلا ئۇيغۇرلاشتى ياكى تۈركلەشتى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى باشقا مىللەت ئىدى، دېگەندەك كۆز قاراشلار ئىلمىيلىكتىن يىراقلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ئەمەلىيەتكىمۇ سىغمايدۇ. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى ئۇرۇش پەقەت دىنىي ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ، ئەسلا مىللىي ئۇرۇش ئەمەس. مەزكۇر ئۇرۇش نەتىجىسىدە خوتەنلىكلەر پەقەت مۇسۇلمان بولدى خالاس !

بەلكى، خوتەن بىلەن بولغان ئۇرۇش قاراخانىيلار خانلىرىغا ئۆز قوۋمىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق ئۇرۇش قىلىش يولى ئەمەس، بەلكى تىنچلىق بىلەن ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتۇش ئىدىيەسىنى ئاتا قىلغان بولسا كېرەك. يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغىغانلىقىغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلار مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى» دىكى بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا ئائىت شېئىرلار بەلكى قاراخانىيلار بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.[8] بىراق، قوشاقلاردىكى ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قىلىنغان ھۇجۇمغا ئائىت ئۇچۇر مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، كونكرېت قايسى يەرلەر ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما، بۇنىڭدىن تۇرپان ئۇيغۇر

(8) Elverskog, Johan (2010). *Buddhism and Islam on the Silk Road*. University of Pennsylvania Press. p. 95. Valerie Hansen (2012-10-11). ehT kliS daoR: A weN yrotsiH. Oxford University Press. pp. 227–228.

ئىدىقۇتلۇقىنىڭ چېگرالىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا يېقىن جايلارغا تۇتاشقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىي خاتىرىگە ئالغا ئۇيغۇرلار زېمىنلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى قوشاقنىڭ مەيدانغا كەلگەن يىلىنى ئېنىقلاش تەس. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر قوشاقلار، مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلۇشىدىن ئانچە ئۇزۇن بولمىغان يىللارغا توغرا كەلمەيدۇ. ئېھتىمال 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11- ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. قوشاقتا كۆرسىتىلگەن ئۇرۇش ئېھتىمال ئومۇمىي جەھەتتىن قاراخانىيلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە قارشى ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئومۇمەن، خوتەن خانلىقى ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى تەۋەسىدىكى جايلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. قوشاقتىكى ئىلى دەرياسىنى ئۆتۈپ مىڭلاق يېرىگە قىلىنغان ھۇجۇم كۇچار، قاراشەھەر ۋە ئۇلارنىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىلى بىلەن تۇتىشىدىغان جايلار بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇرۇش تۇرپان ئويمانلىقى ياكى بەشبالىق ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولسا چوقۇم مەھمۇد كاشغەرىي بۇنى ئىزاھلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەش شەھىرى بارلىقى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى- يېزىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان[9]، بىراق ئۇ قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقى ھەققىدە مىسال قىلغان قوشاقلاردىن باشقا ئۆزى ھېچنېمە دېمىگەن. بۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى خانلىق ئارىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقى راست، ئەمما ئۇرۇش ئۇنچە كەڭ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولغان ئەمەس ۋە قاراخانىيلار قوشۇنلىرى قوچۇ، بەشبالىق قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە، يەنى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى زېمىنلىرىغا ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. ئەگەر ئۇنداق كەڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇشلار بولسا مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنى تىلغا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە قىرغىنچىلىقىنى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالىدۇ.[10] ئومۇمەن مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلارنىڭ بۇددىستلارغا قارشى

(9) *Махмуд ал-Кашгари* Диван Лугат ат-Турк / З-А. М. Ауэзова. — Алма-Ата: Дайк-Пресс, 2005. (Rusche terjimisi). 982- -bet. We yene u maqalige qaralsun; R. Каримова. «Диван Лугат ат-Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии.( ( R.Kerimova. Maxmut Qeshqerining “Diwanu Lughetit Türki” ning Merkiziy Asiya tarixi we medeniyiti boyiche menbelik roli toghrisida). Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. *Мир*. с .23-24.

(10) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1981-يىل، 1-توم. 448-447- بەتلەر.

ئۇرۇشغا ئائىت خەلق قوشىقىنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق ئۇرۇشلار ھەققىدە مەخسۇس توختالمايدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسى بىلەن شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم دۇنياسى ئارىسىدا چېگرا پاسىلىنى ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر- تۈركىي قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىككى دىن - ئىسلام ۋە بۇددىزم تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى داۋاملاشقانلىقتىن ئۇلاردا ئۇيغۇر بۇددا ۋە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەتلىرى پەيدا بولدى شۇنىڭدەك تەڭداش راۋاجلاندى. بىر خەلق كۇچارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۈگۈر ئەتراپىنى چېگرا قىلىپ[11]، ئىككى خىل ئېتىقادقا ئايرىلدى. ئەلۋەتتە بۇددىزمنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى كۇچار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئاللىقاچان قاراخانىيلار تەركىبىدە بولغان[12] ھەم بۇ يەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئىدى. كۇچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن قاراخانىيلار ئارىسىدا قەدەممۇ- قەدەم ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، دۇنيا قاراش ۋە پەلسەپىۋى قاراش جەھەتلەردىن ئىسلام ۋە بۇددىزم رامكىسى ئاستىدىكى پەرقلەر ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى مىللىي ئورتاقلىق، ئورتاق تۈركىي قوۋم ئىدىيەسى ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ياراتقان ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەھمۇد كاشغەرىي بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇرلىرىنى ئومۇمىي تۈرك قەبىلىلىرى تەركىبىدە ساناپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان تۈركىي قەبىلىلىرىدىن ئايرىپ قاراش خاھىشىنى كۆرسەتمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددىست بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان خاقانىيەلىكلەر

(11) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1981-يىل، 1-توم. 474- بەت.

(12) А. Камалов. Махмуд кашгари об Уйгурском Турфанском княжестве ( A.Kamalov. <<maxmut qeshqeriy turpan Uyghur xanliqi heqqide>>). Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. *Мир*. 27-betler (rusche). R. Каримова. «Диван Лугат ат-Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии. Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. *Мир*. С.24.

بىلەن بىر مىللەتكە تەۋە ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەتتا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن مىللىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىدىن چۈشەنگەن بولۇپ، مىلادىيە 1036- يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇيغۇرلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى خەۋىرى قەشقەر ۋە خوتەندىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەگە ئائىت ئۇچۇر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس. گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ تەرەپ- تەرەپكە تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە بۇ ئۇرۇشتا شىمالىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، مەخسۇس خوتەندىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل مىلادى 1008- يىلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قەدەممۇ- قەدەم خوتەن دۆلىتىگە تەۋە بولغان بارلىق زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ، تاكى گەنسۇ ۋە چىڭخەي چېگراسىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى جەزم قىلىش مۇمكىن. ئەمما، مىلادىيە 1036- يىلى، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن پۈتۈن خېشى كارىدورىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىڭخەي ۋە گەنسۇ رايونلىرى تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ، تاڭغۇتلار قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خوتەننىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە تەھدىت سالدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلگىرىدىن شىمالىي سوڭ سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قىلىپ، كەلگەن ئۇدۇن خان جەمەتى ۋە ئاق سۆڭەكلەر گۇرۇھىدىن پايدىلىنىپ، شۇلارنى ۋاستە قىلىپ شىمالىي سوڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇدۇن ئەلچىلىرى مىلادىيە 1093- يىلى شىمالىي سوڭ ھۆكۈمىتىگە تاڭغۇتلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە ياردەملىشىشكە ئائىت مەكتۇپ يوللىغان بولسىمۇ، ئەمما شىمالىي سوڭ بۇنى رەت قىلدى. بىراق قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇندىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، 1094 - 1098- يىللىرى ئارىسىدا تاڭغۇتلارنىڭ پاراكەندەچىلىك سىلىقۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، «شۇڭا قوشۇن تارتىپ، گەنجۇ، شاجۇ

ۋە سۇجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلماقچىمىز» دەپ بىلدۈرگەن.[13] سوڭ پادىشاھى بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پەقەت ئەلچىلەرنى ياخشى كۈتۈش بىلەن جاۋاب بەرگەن. روشەنكى، شىمالى سوڭ سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارغا ماسلىششىنى رەت قىلغان. ھەتتا، 1081- يىلى ئۇدۇن خانى قەبىلە ئاقساقالى ئاشىنانى شىمالى سوڭغا مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتى. ئەلچى پادىشاھغا ئۆزلىرىنىڭ يول بويى سېرىق ئۇيغۇر ۋە چىڭتاڭ ئەللىرىنىڭ يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، پەقەت قىتانلارنىڭلا بۇلاڭ تالاڭ قىلىشىدىن قورققانلىقىنى بىلدۈرگەن[14].

بۇ پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي گىرۋەكلىرىدە تاكى كۇچار- بۈگۈرگىچە بولغان رايونلاردا ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسى شىمالىي سوڭ سۇلالىسىدىن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنى يوقىتىشتا ياردەملىشىش ۋە ماسلىششىنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئەتراپىنى بازا قىلغان تاڭغۇتلار دۆلىتىگە جازا يۈرۈشتە ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ روشەنكى، بۇ بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ گەرچە بۇددىزم ئېتىقادىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىر مىللەت، بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ئەكسىچە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىپ، گەنسۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسرىدە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر تىل ۋە بىر مىللەت رامكىسى ئاستىدا چۈشىنىش روھى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي قارىشى بولماستىن، بەلكى بۇ ئىدىيە قاراخانىيلار ھاكىمىيەت قاتلىمىغا، ئالىم- مۇتەپەككۇرلەرگە ۋە باشقىلارغا ئورتاق ئىدى. بۇ خىل ئورتاقلىق ئىدىيەۋى پىكىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىمۇ باشتىن ئاخىرى يادرولۇق ئورۇن تۇتتى.

(13) سوڭ سۇلالىسى تارىخى، 490- جىلد، ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى، «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011- ،ئۈرۈمچى. 205-204-بەتلەر ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

(14) سوڭ سۇلالىسى تارىخى، 490- جىلد، ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى، «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011- ،ئۈرۈمچى. 205-204-بەتلەر( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك ئەھلى مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان سادىقلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەڭرى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئېتىقادىنى بىر- بىرى بىلەن زىددىيەتلەشتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئېتىقادلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.[15] ئۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دۇنيا قاراشلىرى، تەبىئەت قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاراشلىرى تەركىبىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى، تەڭرىزم ھەتتا بۇددىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شېئىر- قوشاقلىرى، ماقالە - تەمسىللىرى، ئېتنوگرافىيەلىك ئۆچۈرلىرى ۋە باشقىلارنى تۈركىي – ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىگەن. مەسىلەن؛ ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم ئەقىدىسى بىلەن مۇرۇۋۋەتلىك بولغان سۆزلەردىن «توين» سۆزى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ؛ «توييننىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ دىنىي باشلىقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئىمام ياكى مۇپتى بىلە ئوخشاشلىقى. توييننىڭ ھەر قېتىم بۇددانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا نوم ئوقۇيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلە بىرگە يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە «توين باشى ئاغرىسا، قامۇغ توين باشى ئاغرىماس»[16] دېگەن ماقال- تەمسىلنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ، ھەرگىزمۇ مەزكۇر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئىلگىرى ياراتقان مەدەنىيەت ۋە شانلىق سىياسىي ئۆتمۈشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتمىغان ئىدى. شۇڭا ئالىپ ئەر تۇڭا ۋە ئاپراسىياپ دەۋرلىرىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن بولغان كۈرەشلىرىگە تۈركىي- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى نۇقتىسىدىن قارىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئالىپ ئەر تۇڭا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەۋرىدە ئىسلامىيەت

(15) Зифа-Алуа М. Ауэзова. Эпоха раннего мусульманства в отражении тюркских источников (на примере Диван Лугат ат-Турк Махмуда ал-Кашгари) ( Zifa alua M. Awizova. Türkiy menbelerdiki Deslepki Musulmanliq bayanliri . Maxmut Qeshqerining << türkiy tillar diwani >> asasida.«Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006, С. 46-55.

(16) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1984- يىل، 3- توم، ئۇيغۇرچە نەشرى. 232- بەت.

ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

خۇلاسىلىگىنىمىزدە مەيلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار، مەيلى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بولسۇن ئۇلاردا ئوخشاش مەۋجۇت بولغان ئورتاق مىللىي ئىدىيە ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئۆزىغا سوزۇلۇشى ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىنى تاللىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولدى.

## 2- مەدەنىيەت گۈللىنىش ئىدىيەسى

ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەزكۇر ئىككى گەۋدىسى ياشىغان ئىسلامى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددىزم مەملىكىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا ئۇيغۇر- تۈركىي مەدەنىيتى ئوخشاش رەۋىشتە خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك تەڭ تەرەققىي قىلدى. ھېچ قايسىسى بىر- بىرىنىڭ ئارقىسىدا قالمىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى 11- ئەسىر بولغان بولسا، ئوخشاشلا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىمۇ شۇ دەۋر ئەڭ يۈكسەك دەۋر بولغان ئىدى. قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى دۇنياغا كەلتۈرگەن بولسا، تۇرپان تەۋەسىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋە باشقا پەيلاسوپلار، شائىرلار مەيدانغا كەلدى. ھەمدە بەزى ئالىملار بۇددىزم ئەسەرلىرىنى ھەر خىل تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇلاردىكى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئالدىنقىسى ئىسلام دىنىنى يادرو قىلغان ئىسلامى پەلسەپە، كېيىنكى بۇددىزمنى ئاساس قىلغان بۇددىزملىق پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى كىشىلىك جەمئىيەت ، تەبىئەت، سىياسىي- ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك تەپەككۇرلاردا يەنىلا ئورتاقلىقلار بار ئىدى. ئۇلاردىكى دۆلەتچىلىك كۆز قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى، مىللەت- قوۋم قارىشى ۋە مىللىي تىل قارىشى بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنىڭ «تۈرك تىلى» ئىكەنلىكى، «تۈركلەرنىڭ بۈيۈك» خەلق ئىكەنلىكى، دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ بىر خەلق ۋە قوۋمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكلىكى شۇنىڭدەك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل ۋە خەلقپەرۋەر بولۇشىغا ئائىت تەپەككۇرلار بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلا خاندانلىقنىڭ قاغانلىرى ئوخشاشلا مەرىپەتپەرۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار دەۋرىنىڭ ئەڭ

قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىك كىشىلىرى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت كاشغەرىي، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدەك پەيلاسوپ، تىلشۇناس ۋە ئالىملارنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىشى، تەرجىمە قىلىشى ياكى تەرجىمە ئىشلىرىنى تەشكىللىشى شۇنىڭدەك مەدرىسلەر- مەكتەپلەرنى ئېچىپ يۈزلىگەن تالىپلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

خۇلاسىلىگىنىمىزدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، قاراخانىيلار سۇلالىسى (840 ـ 1212) ۋە تۇرپان ئىدىقۇت مەملىكىتى (866–1363) دەۋرىدە ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئىگە بولدى.

بۇ مەزگىلدە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ بۇددىزم دائىرىسىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان باي ئەدەبىي يازما يادىكارلىقلىرى بارلىققا كەلدى. ئىدىقۇت دۆلتى دەۋرىدە يازما ئەسەرلەردىن بولۇپمۇ شېئىرلار، پىروزا،دىراما تارالغان ئىدى، تەرجىمە ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ پەلسەپىسى تەسىر قىلدى. خۇسۇسەن، شېئىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي- سىياسىي، ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق ئىدىيەلىرىنى ھەم قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مېدىتسىنا ئەسەرلىرى يېزىلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى، كالېندارچىلىق ئەنئەنىسى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى(17).

## 3- دۆلەتچىلىك ۋە تىل ئىدىيەلىرى

دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئېتنو- مەدەنىيەت تارىخى شۇنداق بىر يۈزلىنىشكە دۇچ كەلدىكى، شەرقتە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئەرەب ئاببasىيلار خاندانلىقىنىڭ شان- شەۋكىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەرەب تىلى ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئەرەب تىلى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەر مىللەت ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب

(17) Набиджан Турсун. йиктарК кречо ырутьлук огоксругйУ огокснафруТ автстукыди.
(نەبىجان تۇرسۇن: تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ). http://uighur.narod.ru ( رۇسچە). چېن سۇلو: تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى، ( تاڭ ۋە سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماقالىلىرى توپلىمى.) 1993-يىلى، بېيجىڭ. 257-بەت خىتايچە. 258-بەتلەر ( خىتايچە).

تىلىدا يېزىشقا، بىلىملىرىنى ئەرەب تىلىدا ئىپادىلەپ، ئەرەب تىلى تۈركىي تىلىغا قارىغاندا غالىب بىر ئورۇندا تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مۇنداق شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى ۋە زېمىن دائىرىسى كەڭ قۇدرەتلىك تۈركىي مۇسۇلمان دۆلىتى - قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ غالىبلىق ئورنىنى تىكلەش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خانى تۈرك -ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈسۈپكە ئوردا مەسلىھەتچىسلىك، يەنى «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەك بۈيۈك داستانىنى ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىدا، بەلكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش ئىمكانىيىتى ياراتتى. مۇنداق بىر مۇكەممەل ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر -تۈركىي تىلىدا يېزىلىشى ئالدى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ دۆلەتچىلىك، سىياسىي ۋە مىللىي چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بۈيۈك تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى تاماملاپ، ئاباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەخسۇس تۈركىي تىللار ھەققىدە مۇنداق زور ھەجىملىك ئېنسىكلوپېدىك ئەسەرنى تاماملاپ، ئۇنى بىۋاستە ئاباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىشىمۇ ئوخشاشلا تۈركىي- ئۇيغۇر تىلى ۋە كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت ھەم ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. مانا بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن تۈركىي دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت قارىشى، تۈركىي قوۋم- قەبىلە قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدىكى بۇ خىل ئىدىيەلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك مىللەتپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.[18] ئۇ، بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق مىللىي كىملىكى، ئورتاق سىياسىي كىملىكى،

(18) نەبىجان تۇرسۇن: مەخمۇد قەشقەرىينىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى.
Мате риалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. *Мир.* 63-bet .

ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت ئىدىيەلىرىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق تىكلىگەن مۇقەددەس ۋە كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر تۈركىي دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى چۈشەنچىلىرى ھەم ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان، ھەر قانداق ژانىرلاردىكى بۈيۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكەممەل يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە باي ۋە گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش روھىنىڭ پەقەت ئۆلارغىلا خاس بولماستىن بەلكى بۇ پۈتۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت قاتلىمى ۋە جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن دۆلەتچىلىك پىكىرلىرى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت قاراشلىرى پەقەت بىرلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۇيغۇر –تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن دۆلەت، ھاكىمىيەتچىلىك قاراشلىرى، تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى توپلاپ ھەم ئۇنى ئانالىز قىلىشقا شۇنىڭدەك بۇ ئىدىيەلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا بولسا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى دۆلەتچىلىك سىستېمىسى، يەنى دۆلەت تەشكىلاتى، ئىدارە- باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، يەنىلا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى، كۆك تۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىسلامىي پرىنسىپلارغا ماسلاشتۇرغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇش بولدى. دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلامنى مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە ئايلىنىش بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان ۋە مىراسخورلۇق قىلىپ كەلگەن كۆپ ئەسىرلىك دۆلەت- ھاكىمىيەت ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىۋەتمىگەن ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ دۆلەتچىلىك تۈزۈملىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى تۈرك قالغانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئوردا تەشكىلاتى، ھەربىي- سىياسىي قۇرۇلمىلىرىدا ئىلگىرىكى ئورخۇن قاغانلىقىدىكى سىستېما بەكرەك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەتتا كۆپلىگەن ھەربىي- مەمۇرىي

ئاتالغۇلار يەنىلا ئۆز پېتىچە قوللىنىلغان ئىدى.

ھەتتا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى، ئەسلى ئۇيغۇر -تۈركىي ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز دۆلەت تەشكىلاتىنى «ئەل» سۆزى بىلەن ئاتاپ، دۆلەتنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان ئىدى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇرلىرى بۇددىزم ئېتىقادىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتچىلىك ئىدارە تۈزۈملىرىدە مەزكۇر ئېتىقادنىڭ پرىنسىپ ۋە پەلسەپۋى پىكىرلىرى ئۆز تەسىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى دۆلەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە دۆلەتچىلىك تەشكىلىي تۈزۈملىرى كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئەنئەنە، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئاتالغۇلىرى جەھەتتىن ئاساسەن دېگۈدەك ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ھەر ئىككىلا خانىدانلىق قاغانلىرى جەمەتىدە تۈركىي- ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان «ئارسلانخان»، «بۇغراخان»، «خان»[19]، «تېكىن»، «تارخان» ۋە باشقا خېلى كۆپ ئاتالغۇلار ئورتاق ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئورتاقلىقلار قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تىل بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ۋە ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر- تۈركىي دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىمۇ خۇددى قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئوخشاش ئۆز تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۆز يېزىقىنى ۋە تىلىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى ياراتتى. شۇ سەۋەبتىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا مەتبە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىغان كىتابلار ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىدا بېسىپ تارقىتىلدى.[20] تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۆز تىلى ۋە ئۆز مەدەنىيىتى ھەم دۆلىتىگە سادىق بولۇش، ئۇنى تېخىمۇ

(19) بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكى ئەسەرگە قارالسۇن:

Кочнев Б. Д. Нумизматическая история Караханидского каганата (991—1209 гг.) (B .d.Kochnév. Qaraxanilar qaghanliqining pulchiliq tarixi” 991-1209” ). Москва «София», 2006. 147-148-betler.

(20) Набиджан Турсун. йиктарК кречо ырутьлук огоксругйУ огокснафруТ автстукыди.( Nebijan tursun. Turpan uyghur idiqutluqi medeniyiti heqqide qisqiche bayan ). «Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006. http://uighur.narod.ru. Mezkur mesile üchün yene töwendiki eserlerge qaralsun ; M. И. Ерзин. Уйгур Совет мэтбуатининг тарихи. Алма-Ата, 1980, C.236; Laszlo Rasonyi. Tarihte Türklük. Ankara, 1988, S. 111-113; A. Zeki Velidi Togan. Umumi Türk Tarihine Giris. Istambul, 1981, S.272 (a.b.s.d), S.99-100.

راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى بۇ خانلىقتا بۇددىزمنىڭ مىڭلىغان نادىر كىلاسسىك ئەسەرلىرى، دىنىي دەستۇرلىرى، نوم- سۇترالىرى، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ھەم ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىۋاستە سانسكرىت، توخرى، خەنزۇ تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئالىملىرى، پەيلاسوپلىرى، شائىرلىرى، تىبابەتچىلىرى، قانۇنچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلىگەن نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسىي ئاچقۇچ قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى سەۋەبىدىن 1209- يىلى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندا چىڭگىزخان ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۇيغۇر ئۇستازلىرىنىڭ خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنى مەدەنىيەت بىلەن تەربىيەلىشنى بۇيرۇغان ئىدى.

بۇ مەزگىلدە سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، ئاتساڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، ئاپرىنچۇر تېگىن، پرىتيا ياشرى ۋە باشقىمۇ مەشھۇر تەرجىمانلار، ئالىملار ۋە شائىرلار ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلارنىڭ بۇددا دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر ئوبرازىنى تونۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋر پەلسەپىۋى ئىدىيەسىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيەسى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە باي تەرجىمە ھەم ئىجادىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ- قۇدرىتى ۋە كامالىتىنى ئۆز خەلقىگىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو، ھىندىستان، تىبەت ۋە باشقا شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم مەملىكەتلىرىگە نامايان قىلغان ئىدى.

«چىستانى ئىلىگبەگ ھەققىدە ھېكايە»، «شاھزادە ۋە يولۋاس ھەققىدە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «مايترى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»، «سەككىز يۈكمەك»، «يەتتە يۈلتۈز نومى» ئوخشاش ئەسەرلەر ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ سانسكرىت، توخار، خەن تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەقەدەر كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. مەزكۇر ئەسەرلەردە چوڭقۇر بۇددا ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى ئەكس ئەتكەن ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئىدىقۇتلۇق بۇددا ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئايلاندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتلىك ئاڭ- سېزىمىغا زور تەسىر قىلدى. مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى دۆلەتكە ئىجتىمائىي- سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاق، ئېستېتىكىلىق ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىۋاستە مۇشۇ ئەسەرلەر

ئارقىلىق ئۇ خەلقنى مەملىكەت تەلەپ قىلغاندەك تەربىيەلەيتتى، ئۇلارنى ھەم جەمئىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ھەم شۇنداقلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىلدى. ئىدىقۇتلۇق دەۋرىگە ئائىت ھۆججەتلەر بۇنى روشەن ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا نامى ئاتالغان بىر قاتار ئەسەرلەر، تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدە ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىنىڭ نەقەدەر راۋاجلانغانلىقى ۋە تاكاممۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار بولۇپ، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنى يادرو قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەك تەرەققىياتى ئەتراپتىكى خەلقلەرنى قايىل قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تىل ۋە يېزىق كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل- ئۇرال، ئىران ئېگىزلىكىگىچە تارقالغان، ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللارنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مانجۇلارنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. مانا بۇ ئەھۋاللارنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى يۈكسەك مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار بىلەن قوچۇنى مەركەز قىلغان تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خاندانلىقتا ئۇيغۇر- تۈركىي تىلى، ئەدەبىياتىنى يادرو قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق تەڭ قەدەمدە ۋە يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلىنىشىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋەكىللىكىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۆلەت ۋە تىلى قاراشلىرى ۋە ئىدىيەلىرىنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋەكىللىكىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۆلەت ۋە تىل قارىشىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى بىر يىلتىزدىن ئۆسكەن دەرەخنىڭ ئايرىم شاخچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى گەۋدىسى بىردۇر خالاس.

## 4 - دىنىي پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر

قاراخانىيلارنىڭ شەرقىدىكى ئىككى ئۇيغۇر خاندانلىقى، يەنى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بىلەن خېشى كارىدورى رايونىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر مەملىكىتىنىڭ

ئاھالىسىمۇ بۇددا تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلدى. خېشى كارىدورى رايونىنى بىر مەزگىل كونترول قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دۇنخۇاڭ ۋە گەنجۇ بۇددىزمىنىڭ چوڭ مەركەزلىرى ئىدى. تارىخ بىز ئۆچۈن شۇ چاغدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ئوينىغان رولىنى كۆرسىتىدىغان مەنبەلەرنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

840- يىلىدىكى ئورخۇندا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەللىك ئاپەتلىرى ۋە قىرغىزلارنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا يۈز بەرگەن كۆچۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن خېشى كارىدورىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ بارغانسېرى كۆپەيدى. 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانلىرى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئەمەلگە ئاشتى ھەمدە بۇ يەرلەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، ئاكتىپ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ئىرىشتى.[21] ۋەھالەنكى ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزۇن يىللار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تاڭغۇتلار بىلە خېشى كارىدورىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى قىلىشقا توغرا كەلدى، ئاقىۋەتتە مەزكۇر ئۇيغۇر دۆلىتى مىلادىيە 1036- يىلى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئۇزۇل- كېسىل يوقىتىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاڭغۇت خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولدى[22].

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى ئىچىدە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، گەرچە بۇ ھاكىمىيەت بۇددىزم ئېتىقادىدا بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۆزلىرى بىلەن بىر دىنىي ئېتىقادتا تەۋە تىبەت سىستېمىسىدىكى تاڭغۇت دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭغۇتلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەرەپ- تەرەپكە تارقاپ كېتىشى

(21) А.Г. Малявкин. Уйгуры и тибетцы в Ганьсу во 2-ой половине IX века. // Центральная Азия и Тибет. ( A.G. Malyawkin. Uyghurlar we tibetler 9-esirning 2-yérimida) Новосибирск: 1972. С. 78-83.( Rusche).

(22) چېن سۈلو: «گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىرى نەسەبنامىسى ھەققىدە ئىزدىنىش». « تاڭ ۋە سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى» ، 1993، خەلق نەشرىياتى، 149-14-بەتلەر. (خىتايچە).

كېلىپ چىققان ئىدى. ئەسلى نوپۇسى 300 مىڭدىن ئارتۇق بولغان بۇ ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن كېيىن تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا(23) باش كۆتۈرەلمىدى ۋە نوپۇس جەھەتتىنمۇ كۆپىيەلمەي، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىبەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قېرىنداشلىرى بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇر-تۈركىيلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەي ئاخىرى تۆت ئەسىرلىك جەرياندىن كېيىن ئۆزلىرىمۇ تىنچلىق بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

شۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11- ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى قەشقەر، خوتەن، كۇچار قاتارلىق رايونلار تولۇق مۇسۇلمانلىشىپ بولدى. ئەمما مەزكۇر رايوندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 9 ئەسىر ۋاقىت مابەينىدە ئومۇملاشقان بۇددا دىنى شۇنىڭدەك ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامانىزم تەسىرلىرى خەلقنىڭ كۆندىلىك ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن ئىدى. شۇڭا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا بۇددىزمنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي پىكىرلىرى، ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامانىزم تەسىرلىرى شۇ دەۋر ئەدەبىياتى ۋە خەلق تۇرمۇش قاتلاملىرىغا بولغان ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يەنە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالدى.

بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيەلەر تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى كۆپ ئەسىرلەر جەريانىدا ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن غەيرى ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە كۆز قاراشلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى 11- ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ سېزىشكە بولىدۇ.(24) چۈنكى، بۇ ئەسەردىكى كۆپلىگەن سىياسىي، دۆلەتچىلىك قاراشلىرى ئىجتىمائىي قاراشلار، ئەخلاق قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەر ھەرگىز قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس،

(23) Michael Dillon (2004). CentralX injiang: China's Muslim far northwest-. Psychology Press. p. 10.

(24) لاڭ يىن: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى بۇددىزم ئىدىيىلىرى ھەققىدە ئويلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى . – ئۈرۈمچى، 1986.– № 1؛ يەنە شۇ ئاپتور«‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى»). – ئۈرۈمچى، 1992.

بەلكى ئۇ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان يېڭى ئېتىقادنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، سىستېمىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئېنىقكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي –ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپ ئەسىرلىك دۆلەتچىلىك –سىياسىي ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز تارىخىدا ھۇن ئىمپېرىيەسى، كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيەسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ۋە تۈركەشلەر قاغانلىقى، قارلۇقلار قاغانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە كۆپ ئەسىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۆزلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تېخى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغىنىغا تەخمىنەن ئازغىنە كەم بىر ئەسىر بولغان مىلادىيە 11- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىدە ئەسلىدىن مىڭ يىللار چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۇرمۇش ئۆرپ –ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئۆلگىلىرىنى بىكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنى ئىسلام ئېتىقادى بىلەن بىر يولىلا پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى[25].

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ، شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر قاتار ئايەم- ئىرىم، تەبىر- جوراش، ئۆرپ- ئادەت، مۇراسىم – ئايەم قائىدىلىرىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇلار ئۇ قەدىمكى قائىدە - ئادەتلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قايسىسىنىڭ ئىسلامچە، ۋە قايسىسىنىڭ غەيرى ئىسلامچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.[26] ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئىجتىمائىي – پەلسەپۋى قاراشلارمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. دېمەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن ئىپتىدائىي ئېتىقادلار، شامانىزم، زورواستىرىزم، بۇددىزم قالدۇقلىرى ئۆز تەسىرلەرنى ئۇزۇنغىچە ھەر خىل شەكىلدە خەلق ئىجتىمائىي – پەلسەپۋى ھە تەبىئەت تەپەككۇرلىرى قاتلىمىدا ساقلاپ، ئۇنىڭ ئايرىلماس تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

(25) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، 1998- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 116- بەت.

(26) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، 1998، شۇ ئەسەر. 116-بەت.

ئومۇمەن، شۇ نۇقتا ئېتىراپ قىلىنغانكى، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىمۇ دىن، ھەقىقەتنىڭ ئەكس ئېتىلىش شەكلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ئىدى. ئۆزىدە راتسيونالىزم ۋە ئىرراتسيونالىزمغا ئوخشاش تۈرلۈك كۆز قاراشلارنى تولۇق بىرلەشتۈرگەن دىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدىكى ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاكتىپ ئېنىقلىغۇچىلىق رول ئوينىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا خاس، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن دىنىي ئاڭ - سىزىم مەسىلىلىرىنى ئانالىز قىلىش زۆرۈردۇر.

ئەلۋەتتە، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە، 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئاساسلىقى ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ كۇچارغىچە بولغان غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي ۋادىلىرىدا ئىسلام دىنى ئۇيغۇر- تۈركىي خەلقلەر ھاياتىغا كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭىشىپ، ئىسلامىي ئۇيغۇر- تۈرك مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەمما، كۇچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا بولسا بۇددىزم ئومۇمىي دۇنيا قاراش سىستېمىسى سۈپىتىدە بۇ رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە بېيىشىغا مۇمكىنچىلىك ياراتتى. بۇلار، كۆپلىگەن مىللىي ۋە جەمئىيەتكە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي- ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۆلچەملەر كىشىلىك ھاياتتىن ئورۇن ئالغان ھالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەخلاق- ئېتىكىلىق ۋە باشقىمۇ قائىدىلىرىنى بەلگىلىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئومۇمىي ئىنسانىي ئەخلاق نورمىلىرى (ئۆلچەملىرى) ھېسابلىنىپ، ئۇلار ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەسىرلەر مابەينىدە ساقلىنىپ كېلىندى ۋە ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كۈندىلىك قائىدىلىرىگە ئايلانغان ئىدى. شۇڭلاشقا بۇددىزم پەقەت بىۋاسىتە دىنلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئاكتىپ ئامىلى بولۇپ ھېسابلاندى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىگە بولغان ئىجابىي تەسىرىنىڭ سەۋەبلىرى دەل مانا شۇنىڭدىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ مۇتەپەككۇرلەر كومراجىۋا، خۇيلىن، سۇلى سۇما، سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، كىكى ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ

پەلسەپىۋى ئاساسىنى دىنىي- ئەخلاق مەسىلىسى تەشكىل قىلىدى. سەۋەبى ئۇلار دىنىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەم تۇرپان ۋە باشقا جايلاردا ئۇزۇن ئەسىرلەر ھۆكۈم سۈرگەن بۇددىزمنىڭ قانداق چوڭ ئەخلاق- تەربىيەۋى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن ئىدى.

قاراخانىيلار ئىسلام مۇھىتىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارمۇ ئىسلامى دىنىي ئەخلاقى تەربىيەنىڭ مىللەت ۋە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ كۈچىيىشى ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەم قۇرۇلمىسى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكىدىن ، ئۆز ئەسەرلىرىدە مەزكۇر ئىدىيەنى ئاساسىي نۇقتا سۈپىتىدە تەكىتلىگەن.

ئادەمنىڭ مەنىۋى- ئەخلاق جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ كۈچ دىن ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالاھىدە يوللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەربىيەلەش ، ئۆگىتىش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقچى بولىدۇ.

## يەكۈن ئورنىدا

خۇلاسىلىگەندە، ئىسلامىي ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دۆلىتى قاراخانىيلار بىلەن بۇددىزم ئۇيغۇر دۆلىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى تۈپ پەلسەپىۋى- ئىدىيەۋى ئورتاقلىق ئۇيغۇر- تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەت ۋە تىللار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ھەتتا باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەقلىي، سىياسىي- ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەپەككۇرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان بولغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نەزىرىدە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملار غەيرى دىنىدىكىلەر سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئەمما تۈركىي مىللىي قېرىنداشلىق قارىشى يەنىلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

ئىككى خىل دىنى ئېتىقادتىكى ئۇيغۇر- تۈركىي قەبىلىلىرى ئەسلى ئۆزلىرىگە ئورتاق بولغان ۋە كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قاراشلىرى شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي

قاراشلىرىنى داۋاملاشتۇردى ھەم تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇلاردىكى بۇ خىل بىر قاتار ئورتاقلىقلار ئۇلار ئارىسدا ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەربىي كۈچ، زېمىن دائىرىسى، نوپۇس، ئىقتىساد جەھەتلەردىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرۇشى ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقا سەپ تايانچىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىماي،يەنىلا ئۆزىدىن ئاجىز تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانمىدى. ئۇلار ئارىسدا پەقەت دەسلەپتە كىچىك كۆلەمدە ئۇرۇشلار بولۇپ، قاراخانىيلار پەقەت كۇچار ۋە بۈگۈرگىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىككى تەرەپ ئارىسدا كېلىشىم بويىچە قانلىق ئۇرۇش ۋەقەلىرى قايتا يۈز بەرمىدى. قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئارىسدا ئۇرۇشلار بولغانلىقى ھەققىدە مەيلى جۇڭگو، مەيلى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە «دىۋان» دىكى قوشاقلاردىن باشقا ھېچقانداق يېتەرلىك ئۇچۇرلار مەۋجۇت ئەمەس، بىراق خوتەن ۋە قەشقەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئالاھىدە رىۋايەتلەر ۋە مەنبەلەرگە ئىگىدۇر. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۆز دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغان ئىدى. لېكىن، كېيىنكى 4 ئەسىر جەريانىدا جەمئىيەت ۋە ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر خۇلاسىسى سۈپىتىدە تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق شەرقىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەدەممۇ قەدەم بۇددىزم ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە دۇنيا قاراش ھەم دىنى- پەلسەپىۋى پىكىرلەر جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى ئەمەلگە ئاشتى. تارىم ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە ۋە قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى پۈتۈنلەي تىنچلىق ۋە ئۆز ئىختىيارى ھەم تاللىشى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ، شەرقىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازچىلىق قىسمى پۈتۈن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قىسمىغا ئاخىرقى ھېسابتا دىنىي جەھەتتىن تولۇق قوشۇلۇپ، ئېتنىك، دىن، سىياسىي، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر ھەم دۇنيا قاراش جەھەتتىن تولۇق بىر گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن بۇنداق جەريان دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ دىنى ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىش تارىخىدا كەمدىن- كەم ئۇچرايدۇ ●

تەھرىرى: دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان، ئا.مۇھەممەد يۇسۇپ

ئۆمەرجان نۇرى

# مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى

1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قەشقەر مائارىپى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيىتى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەردە «مەجىددىن ئەپەندى» دېگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەتبۇئات يۈزىدە بۇ كىشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلمىگەچكە، مەن توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھاياتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن.

مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ئىسمى تۈركچە مەنبەلەردە «دوكتور مەجىددىن ئەھمەت دەلىل» دەپ خاتىرىلەنگەن. مەجىددىن ئەپەندىنىڭ قەشقەردىكى دوستى ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ ئەسلىمىسىدە: قوقاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت گېرمانىيەگە ئون نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. مەجىددىن بەگ شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە قوقان ھۆكۈمىتى، سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمەي، بەزىسى گېرمانىيەدە قېلىپ، بەزىسى تۈركىيەگە بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىكەن، بۇ كىشى تۈركىيەدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن ئىكەن، دەيدۇ[1]. مۇھەممەد مۇسا ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدە، مەجىددىن ئەپەندى تاشكەنتتە تۇغۇلغان، ياۋروپادا تەھسىل كۆرگەن[2]، دېگەن بولسىمۇ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ھاياتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن. ئەمما، «بۇخارا جۇمھۇرىيىتى» گېرمانىيەگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ۋەتىنىگە قايتماي تۈركىيەگە كەتكەنلەر قاتارىدا مەجىددىن ئەپەندىنىڭ سۈرىتى ئۇچرايدۇ[3]. بۇنىڭغا قاراپ مەجىددىن ئەپەندىنى گېرمانىيەدە ئوقۇپ، دوكتور ئۇنۋانى ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، مەجىددىن ئەپەندى بىلەن قەشقەردە بىللە خىزمەت قىلغان

(1) ئابدۇقادىر ھاجى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى، 1982- يىلى، قەشقەر، قولىيازما.

(2) مۇھەممەد مۇسا تۈركىستانى: ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى، 2- جىلد، 1981-يىلى، مەدىنە.

(3) Ahad ANDCAN: Cedidizm’den Bağımsızlığa Hariçte Türkistan Mücadelesi, 2003, Emre Yayınları.

ئىمىن ۋاھىدى خېتىدە، ئىستانبۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان، دەپ يازغان[4].



(ۋەتىنىگە قايتمىغان ئوقۇغۇچىلار: سولدىن ئوڭغا، (ئولتۇرغانلار). ئەفدال ئابدۇسەئىد، ئىبراھىم ئارىفخان، سائىدە شىرئەخمەت قىزى، مۇستافا چوقاي، مەجىددىن دەلىل، ئەخمەتجان ئىبراھىم، (ئۆرە تۇرغانلار) سەئىد ئەلى خوجا، ئەخمەت نەئىم، ئابدۇۋاھاپ ئىسھاق، سابىر ئىبراھىم. 1930 - يىلى، بېرلىن)

ئەھەت ئەندىجانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەسلىدىكى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ۋە باشقا مىللىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ كاتىباشلىرى ياۋروپا ۋە تۈركىيەگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تەشكىلات- «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، مەركىزى كومىتېتىنى ئىستانبۇلدا تەسىس قىلىدۇ. ئەزالىرى پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان مەزكۇر تەشكىلات ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن خىزمەتلىرى تازا يۈرۈشۈپ كەتمەيدۇ[5].

مەجىددىن ئەپەندى تۈركىيەدە دەسلەپ «تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن. كېيىن فىرانسىيەدىكى مۇستافا چوقاي بىلەن تۈركىيەدىكى ئوسمان خوجا ئارىسىدا چىققان نىزادىن كېيىن 1927- يىلى 9 - ئايدا «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەركىزى كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. يېڭى پىكىردىكى ياشلارغا باشچىلىق قىلىپ، مەركىزى كومىتېت ئىچىدىكى ئاقساقاللارنىڭ بيوروكراتلىقىنى تۈزىتىشكە مەجبۇرلىغان.

(4) ئىمىن ۋاھىدى: دوقتور مەجىددىن ئەھمەد بىك، ياش تۈركىستان، 107-سان.

(5) Ahad ANDCAN: Cedidizm›den Bağımsızlığa Hariçte Türkistan Mücadelesi, 2003, Emre Yayınları.

مەجىددىن ئەپەندى ئىستانبۇلدا نەشرى قىلىنغان «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ 17- سانىدىن 26-سانىغىچە بولغان سانلىرىنى ئوسمان خوجا بىلەن بىرلىكتە نەشرى قىلغان، 27- سانىدىن مەزكۇر ژۇرنال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيەگە بېسىم قىلىشى بىلەن 1931- يىلى 7- ئايدا تاقالغانغا قەدەر ناسىر ھەكىمزادە بىلەن نەشرى قىلغان[6].

مەجىددىن ئەپەندى تۈركىستان داۋاسىنى ياۋروپاغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن 1930- يىلى بېرلىنغا بارىدۇ ۋە بېرلىندىن مۇستافا چوقاي بىلەن ۋارشاۋاغا بارىدۇ. ئەمما، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركىگەن ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياپونلارنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن «مانجۇرىيە دۆلىتى» قۇرۇلىدۇ. مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» دىكىلەرنى يېڭى بىر خىيالغا غەرق قىلىدۇ. 1904- يىلىدىكى رۇس-ياپون ئۇرۇشىدا، ياپونلارنىڭ رۇسلارنى مەغلۇپ قىلىشى رۇسلارنىڭ ئاسارىتىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ياپونلارنى چوڭ بىلىدىغان قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان ئىدى . شۇڭا، «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» ياپونلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولىدۇ. ئەمما، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ. ياپونىيە، ئەنگلىيە ۋە پولشانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» نەزىرىنى قەشقەرگە ئاغدۇرۇپ، قەشقەردە پاناھلىنىۋاتقان باسمىچىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە تايىنىپ چوڭ ئىش تەۋرىتىشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەجىددىن ئەپەندىنى قەشقەرگە ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ.

1931- يىلى، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، پۈتۈن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب -شىمالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئارقىسىدىن تۇرپان، كۇچار، قەشقەر ۋە خوتەندە دېھقانلار قوزغىلىپ ، ئەزگۈچى سىنىپلارنى يوقۇتۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا پاناھلىنىۋاتقان باسمىچىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەقسىتى بىلەن قەشقەرگە توپلىنىپ، بىر تەرەپتىن سابىت داموللىنى باش قىلىپ «ئىستىقلال جەمئىيىتى» قۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورallıق كۈچلىرىنى تەشكىللەيدۇ. بۇلارغا سىياسىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر كىشىگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. گەرچە ئىستانبۇلدىكى «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» بىلەن قەشقەردىكى

(6) Ahad ANDCAN: Cedidizm’den Bağımsızlığa Hariçte Türkistan Mücadelesi, 2003, Emre Yayınları. Yusuf Gedikli: Türkiye’de Türkistan Basını.

«ئىستقلال جەمئىيىتى» نىڭ ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بارلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، باسمىچىلارنىڭ قەشقەردىن پايدا ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ئېنىق . چۈنكى، ھايىت بايمىرزا ئەپەندىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1919- يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پولكىدىن پايدىلىنىپ باسمىچىلارغا زەربە بەرگەندە، باسمىچىلارنىڭ باش قوماندانلىق ئىشتابى ختاي[7] چېگراسى ئىچىدە بولغاچقا، تەلتۆكۈس تازىلاشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن[8]. ختاي تەرەپ، يەنى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى باسمىچىلارنىڭ ختاي چېگراسى ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن بىخەۋەر يۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن باسمىچىلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەردە يىلتىز تارتىۋالغان.

مەجىددىن ئەپەندى «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» نىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ياقۇپ ئەلبەككە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، 1933- يىلى 9- ئايدا ئىستانبۇلدىن ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. سەپەر مەقسىتىنى يوشۇرۇش ۋە ئالاقىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىستانبۇلدا چىقىۋاتقان «ئاقشام» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى نامى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. 1934- يىلىنىڭ بېشىدا پىشاۋۇردىن ئۆتۈپ پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىدۇ. مەجىددىن ئەپەندىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتى، دەل تۇڭگانلار قەشقەرنى كونترول قىلىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەچكە، تۇڭگانلار مەجىددىن ئەپەندىنى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا تۈرمىدىن چىقىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. دەسلەپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسىغا ئۆيلىنىدۇ. كېيىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇدىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. قەشقەردە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن بىرگە، مەھمۇت مۇھىتىغا خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئابدۇللاھ داموللىنىڭ قولى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات يوللاپ تۇرىدۇ[9].

مەھمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەنــدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى دۈشمەنلىرىنى

(7) ئاپتور ماقالىسىدە ‹جۇڭگو› دەپ ئالغان بولسىمۇ، ژۇرنالنىڭ تەھرىر سىياسىتىگە ئاساسەن ‹ختاي› دەپ ئۆزگەرتىلدى.- ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى.

(8) Baymirza HAYIT: Rus ile Çin arasinda- Türkistan devletlerinin milli mücadeleleri tarihi, 1975, Ankara.

(9) ئابدۇقادىر ھاجى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى، 1982- يىلى، قەشقەر، قولىيازما.


(مەجىددىن دەلىل قەشقەردە، 1937 - يىلى)

تازىلاشقا مەسئۇل بولغان قادىر ھاجى قەشقەردە تۇتقۇن قىلىشنى باشلىغاندا، ئىلاجسىز 1937 - يىلى 4 - ئايدا، ھامىلدار ئايالىنى تاشلاپ قويۇپ، تۇيۇقسىز قەشقەردىن ئايرىلىدۇ (بەزى مەنبەلەردە قەشقەرلىك ئەخمەت پاختا بىلەن بىللە ماڭغانلىقى خاتىرىلىگەن). سىرىناگاردا جەمئىيەت قۇرۇپ ئىئانە توپلاپ، مەكتەپ ئېچىپ مۇھاجىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، ماخسۇسەن بىللە قېچىپ چىققان مۇھەممەدنىياز ئەئلەم (خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى <مىلىك ھەزرەت>، تۇڭگانلار دەۋرىدىكى خوتەن ۋالىيسى) باللارنى مەككىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش كېرەك ، بۇ يەردە ئوقۇسا تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قارشى چىقىشى بىلەن، بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىپ كالكۇتتاغا كېتىدۇ[10]. ئاخىرى ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. ئىستانبۇلدا «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» نىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1938 - يىلى «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ 102، 103، 104، 106، 107، 108، 109 - سانلىرىدا قەشقەردە كۆرۈپ- ئاڭلىغانلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتى ئېلان قىلىنىدۇ ھەم 107 - ساندا قاتتىق كېسەل بىلەن ئوپېراتسيە قىلىنىپ ساقىيىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە ئىمىن ۋاھىدىنىڭ مەجىددىن ئەپەندىنىڭ قەشقەردە قىلغان خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى مەكتۇپى قوشۇمچە قىلىپ ئېلان قىلىنىدۇ[11].

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن تۈركىيە سىرتتىن كېلىپ پانالىنىۋاتقان تۈركى خەلقلەرنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىگەندىن كېيىن، «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىنى بېرلىنغا يۆتكەش قارار قىلىنىدۇ. مەجىددىن ئەپەندى مەركىزى كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىللە بېرلىنغا كېلىدۇ. 2. دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، 1940. يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. ۋە تۈركىستانلىقلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. مەجىددىن ئەپەندى 1942. يىلى ئىستانبۇلدا «مۇستافا چوقاي ئەلبۇمى» نى نەشرى قىلدۇرىدۇ. 1943- يىلى 1- ئاينىڭ 31- كۈنى ئىستانبۇلغا يېقىن ھەيبەلى ئارىلىدىكى ساناتورىيەدە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات

(10) ئابدۇقادىر ھاجى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى، 1982- يىلى، قەشقەر، قولىيازما.

(11) - ئىمىن ۋاھىدى: دوقتور مەجىددىن ئەھمەد بىك، ياش تۈركىستان، 107-سان.

بولىدۇ. جەسىتى ئىستانبۇلنىڭ ئۇسكىدار رايونىدىكى ئۆزبېكلەر تەككەسى(خانىقاسى) مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ[12].



(<تۈركىستان مىللىي ئىستىپاقى> نىڭ ئەزالىرى بېرلىندا، ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى مەجىددىن ئەپەندى، 1939 - يىلى)



(<تۈرك مەدەنىيەتى ئىتتىپاقى> نىڭ 1940 - يىلىدىكى قۇرۇلتايى. ئولتۇرغانلاردىن سولدىن 1 - كىشى مەجىددىن ئەپەندى، 4 - كىشى زەكى ۋەلىدى توغان)

مەجىددىن ئەپەندىنىڭ خانىمى، مەجىددىن ئەپەندى ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغاندىن كېيىن، باشقىلارغا ئوخشاش شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ يەكەنگە كېلىپ پاناھلىنىدۇ. قورساقتا قالغان ئوغلىمۇ دادام تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ بىلىدۇ. 2012- يىلىغا كەلگەندە، ئوغلى كەمىنە تەمىنلىگەن رەسمىي ئارقىلىق دادىسىنىڭ چىرايى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە دادىسىنىڭ تۈركىيەدە ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىدۇ ● تەھرىرى: ئا.مۇھەممەد يۇسۇپ

(12) -Abdullah recep baysun: Türkistan istiklal hareketleri ve Enver Paşa, sayfa 198-199, Turan kültür Vakfı, 2001, İstanbul.

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

# چەنتۇ: خىتاي مەنبەلىرىدە زامانىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى (2)

● بېشى ئالدىنقى ساندا ●

## 3- چەنتۇ نامىنىڭ دىنىي كىملىك نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى

جوۋ چۇفېينىڭ 1178 – يىلى قەلەمگە ئالغان ئەسىرىدىكى باغداد توغرىلىق بايانلاردا: «شەھەر خەلقى قاردەك ئاپئاق رەختلەر بىلەن بېشىنى ئورۇۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئىبارىلەر بار بولۇپ[1]، بۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار 1125 – يىلى جاۋ رۇشى (趙汝適) (1231 - 1170) تەييارلىغان كىتابتىمۇ ئۇچرايدۇ[2]. جوۋ جىجۇڭ (周致中) نىڭ 1389 – يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان ئەسىرىدىمۇ ئوخشاش ئىپادىلەر بار بولۇپ، «خۇددى ئۇيغۇر (回鹘) لاردەك» دېگەن بايان ئىلاۋە قىلىنغان[3]. مەزكۇر ئەسەرنىڭ سەمەرقەنت ھەققىدىكى بايانلاردا: «سەمەرقەنت غەربتىكى ياتلار (西番) بولغان ئۇيغۇرلار (回鹘) نىڭ غەربىدىدۇر[4]» دەپ يېزىلغان بولۇپ، دېمەك، ئۇيغۇرلار سەمەرقەنتنىڭ شەرق تەرىپىدە ياشايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، خىتايلار 12 – ئەسىردىلا مۇسۇلمانلارنىڭ سەللە كىيىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئوردا تارىخى پۈتۈكلىرىدە پۈتۈلگەن «چەنتۇ» دېگەن نام، ئېتنىك ياكى دىنىي كىملىكنى كۆرسىتىدىغان نام

(1) 周去非,《嶺外代答校注•白達國》(楊武泉校注) 北京: 中華書局, 1999: 100.

(2) 趙汝適,《諸蕃志校釋•白達國》(楊博文校釋), 北京: 中華書局, 1996: 110.

(3) 周致中《異域志》下卷 〈白達國〉, 王雲五主編,《叢書集成初編》本, 上海: 商務印書館, 1936: 45.

(4) 周致中《異域志》下卷〈撒母耳干〉, 上海: 商務印書館, 1936: 41.

ئەمەس ئىدى. مىڭ تەيزۇ خۇڭۋۇ سەلتەنىتىنىڭ 9 – يىلىدا (1370 – يىلى 20 - سېنتەبىردىن 19 – ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئارىلىقتا) مۇراسىم ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغان ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئىچىدە، يىپەك رەختلەر بىلەن بېشىنى ئورىۋالغان «缠头» غەربىي يۇرتلۇق ياتلاردىن (西戎) تۆت كىشى بار ئىدى[5] . مىڭ سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتىيە خادىمى چېن چېڭ (陳誠) (1365-1457) 1396 – يىلى سېرىق ئۇيغۇرلارغا، 1397 – يىلى ۋېيېتنامغا ئەلچىلىككە بارغاندىن باشقا، تۆمۈرلەڭ دۆلىتى (1370 - 1507) گە تۆت قېتىم (1413، 1416، 1418، 1424- يىللىرى) بارغان بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىن يازغان ساياھەت خاتىرىسىنى 1415 – يىلى 30 – ئۆكتەبىردە مىڭ خانىغا سۇنغان ئىدى. ئوردا پۈتۈكلىرىدە خاتىرىلەنگەن مەزكۇر ساياھەتنامىدە لۈكچۈن ھەققىدە: «ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان بۇ خەلق (خىتايلاردىن پەرقلىق ھالدا) يات كىيىم – كېچەكلەرنى كىيىدۇ. ئەرلىرى چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، بېشىغا دوپپا كىيىدۇ. ھەمدە بۇ خىل كىيىنىشنى مۇسۇلمانچە ‹خۇيخۇي› (回回) كىيىنىش دەپ ئاتايدۇ. ئاياللىرى بولسا، ئاق رەختلەردە بېشىنى ئورىۋالىدۇ (裹頭) ۋە بۇنى ئۇيغۇرچە كىيىنىش شەكلى دەيدۇ» دەپ يېزىلغان[6]. بەشبالىق ھەققىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئاق رەڭلىك ياغلىقلار بىلەن بېشىدىن بوينىغىچە ئورىۋالىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[7] . تۆمۈرلەڭ دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇن (1377-1447) پايتەخت قىلغان ھىرات (1409 – يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسىملىرىغا توغرا كېلىدۇ) شەھىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا، ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋە خەلق ئىچىدىكى ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرىدىغانلىقى، ئاق رەختلەردە بېشىغا سەللە ئورىۋالىدىغانلىقى، ئاياللىرىنىڭ بولسا ئاق ياغلىقلار بىلەن ئىككى كۆزى كۆرۈنگۈدەك شەكىلدە (蒙首) پۈركىنىۋالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[8]. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي پۈتۈكلىرىدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان ئىلبالىق خەلقىنىڭ مۇسۇلمانچە كىيىنىدىغانلىقى؛ سەمەرقەنت ھۆكۈمدارىنىڭ ئاق رەڭلىك باش كىيىم كىيىدىغانلىقى؛ ئاياللارنىڭ بولسا، ئاق يىپەك بىلەن بېشىنى ئورايدىغانلىقى (纏

(5) 《明太祖實錄》卷56，〈洪武三年九月〉，臺北：中央研究院歷史語言研究所，1968：1104.

(6) 《明太宗實錄》卷169，〈永樂十三年冬十月癸巳〉，1968：1891.

(7) 《明太宗實錄》卷169，〈永樂十三年冬十月癸巳〉，1968：1890.

(8) 《明太宗實錄》卷169，〈永樂十三年冬十月癸巳〉，1968：1886；陳誠，《西域行程记•西域番国志》（周连宽点校），北京：中華書局，1991：65，68.

首)؛ قاڭشارلىق شەھەرلىكلەرنىڭ ئاق رەختتىن سەللە ئورىۋالىدىغانلىقى (纏首)[9]؛ تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، باشلىرىغا كىچىك دوپپىلارنى كىيىۋالىدىغانلىقى؛ ئاياللىرىنىڭ بولسا، ئاق ياغلىقلار بىلەن بېشىنى ئورايدىغانلىقى؛ بىراق مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرمەيدىغانلىقى، چاچلىرىنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى؛ ئاياللىرىنىڭ قارا رەڭلىك ياغلىقلار بىلەن ئورىنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[10]. بۇ مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چېچىنى چۈشۈرۈش ۋە بېشىغا سەللە كىيىش، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ختايلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىسى بولۇپ قالغان ئىدى. خۇ زوڭشيەن (胡宗憲) (1512 - 1565) ۋە گۇ يىڭشياڭ (顧應祥) (1483 - 1565) غا ئوخشاش مىڭ سۇلالىسى (1368 - 1644) نىڭ بىلىم ئادەملىرىمۇ، بېشىنى ئاق رەخت بىلەن ئورىۋالغان پورتۇگالىيەلىكلەرنى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاتقان ئىدى. 1517 – يىلى پورتۇگالىيەلىك كاپىتان (capitão-mor) (Jia-bi-dan 加必丹) گۇاڭدوڭغا كەلگەن بولۇپ، ختاي تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ ئادەملەر ھەققىدە: «بۇلارنىڭ ھەممىسى قاڭشارلىق، ئورا كۆز (ياۋروپا تىپى) كىشلەردۇر. باشلىرىنى ئاق رەختلەردە ئورىۋالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش (如回回打扮) كىيىنىۋالغان ئىدى[11]. ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىياپىتىدە ئىدى[12] » دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئېتنىك جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمەستىن، «خۇيخۇي» (回回) دېگەن نامدا ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، «چەنتۇ» (纏頭) (سەللىلىك) نامىنىڭ بىر دىنىي گۇرۇپپىنىڭ كىملىك نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى جاۋ يەنرۇي (趙廷瑞) (-1531 1492) تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بىرى بولغان ما لى (馬理) (1556 -1474) نىڭ كۆرۈپ چىقىشى بىلەن 1542 – يىلى نەشر

(9) 严从简，《殊域周咨錄》(余思黎点校)， 北京：中華書局， 1993：493； 尤侗編，《明史外國傳》卷6，臺北：臺灣學生書局，1977：176，180，195.

(10) 尤侗編，《明史外國傳》卷7，臺北：臺灣學生書局，1977：253.

(11) 胡宗憲，《籌海圖編》卷13，〈經略•兵器•佛郎機圖說〉，《中國兵書集成》第15-16冊， 北京：解放軍出版社，1990：1257.

(12) 顧應祥，《靜虛齋惜陰錄》卷12《雜論》3 （明嘉靖刻本），《續修四庫全書》〈子部□雜家類〉第1122冊，上海：上海古籍出版社，1997：208a.

قىلىنغان «شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (陝西通志) دېگەن كىتابنىڭ 10 – بۆلۈمىگە، ئاپتورى ئېنىق بولمىغان، غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەسى ۋە ئۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەردىن مەلۇمات بېرىلگەن «西域土地人物略» نامىدىكى بىر ئەسەر قىستۇرۇلغان. ساياھەتنامە شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەردە، شۇ دەۋردىكى خىتاي ئېلىنىڭ غەربىي قوۋۇقى ھېسابلىنىدىغان جيا يۈگۇەن (嘉峪關) دىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ھەتتا تۈركىيەنىڭ ئانادولۇ رايونىغا قەدەر كەڭ جۇغراپىيەۋى رايوندىكى 60 تىن ئارتۇق شەھەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلاردا ماۋەرائۇننەھىر رايونى، ئىراننىڭ بەزى شەھەرلىرى، ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە ۋە مەككە شەھەرلىرى، تۈركىيەنىڭ بۇرسا شەھىرى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بەزى شەھەرلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەر ھەققىدە «چەنتۇ»، «خۇيخۇي» (纏頭) (回回) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) ئاتالغۇسى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپرەك «خۇيخۇي» نامى بىلەن تەرىپلەنگەن[13]. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى «چەنتۇ» (纏頭) نامىدا تەرىپلەش يەنە بۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىنمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، 1547 – يىلى شەنشى (陝西) ئۆلكىسىنىڭ مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەنگەن جاڭ يۈ تەييارلىغان «بىيەن زېڭكاۋ» (邊政考) (چېگرا رايونلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار) ناملىق ئەسەردە قۇمۇل، ئاستانە، لۈكچۈن، يانغا، تۇرپان رايونلىرىدا «چەنتۇ»، «خۇيخۇي»[14] لارنىڭ، تۇرپاندىن ئىلى رايونىغىچە بولغان جايلاردا «خۇيخۇيلار» (مۇسۇلمانلار) نىڭ ياشايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[15]. يەنە شۇ ئەسەردە ماۋەرائۇننەھىردىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى «چەنتۇ»، «خۇيخۇي» نامى بىلەن خاتىرىلەنگەن[16]. ئىراندىن ئوتتۇرا شەرققىچە بولغان رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى «چەنتۇ»، بەزىسى «خۇيخۇي مۇسۇلمانلىرى» دەپ ئاتالغان[17].

(13) 《西域土地人物略》, 邵國秀編, 《中國西北稀見方志續集》第一册, 《[嘉靖] 陝西通志》卷10〈河套•西域〉, 北京:中華全國圖書館文獻縮微複製中心1997:207-216; 梁份,《秦邊記略》, 西寧:青海人民出版社, 1987:413-417; E. Bretschneider, “Chinese Intercourse with the Countries of Central and Western Asia During the Fifteenth Century”, E. Bretschneider, Mediæval Researches from Eastern Asiatic Sources, Vol. II, London: Kegan Paul, Trench, Trübner & Co. Ltd., 1910:176-315.

(14) 張雨,《邊政考》(明嘉靖刻本影印) 卷8〈西域諸國〉, 臺北:華文書局, 1968:594-596.

(15) 張雨,《邊政考》, 1968:596-597.

(16) 張雨,《邊政考》, 1968:598-612.

(17) 張雨,《邊政考》, 1968:612-618.

بۇ تارىخىي خاتىرىلەردىن «چەنتۇ» نامىنىڭ، مۇسۇلمان كىملىك نامى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ، مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، باشلىرىغا يۆگىۋالغان سەللىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخچى ماۋ رۇيجېڭ 1629 – يىلى بېسىلغان ئەسىرىدە: «سەمەرقەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئاق يىپەك (白繒) سەللىلەرنى (纏首) كىيىۋالاتتى ۋە ‹خۇيخۇي› (回回教) (ئىسلام) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ[18] .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خىتايلارنىڭ قانداق ئۆلچەمگە ئاساسەن، كىملەرنى «چەنتۇ»، «خۇيخۇي» ، كىملەرنى «خۇيخۇي» دەپ تونۇيدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، شۇ دەۋرگە ئائىت بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونىدا خۇيخۇي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسا، «بىيەن زېڭكاۋ» (邊政考) (چېگرا رايونلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار) ناملىق ئەسەردە، يەنە شۇ رايونلاردا «چەنتۇ»، «خۇيخۇي» لارنىڭ ياشايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. 1564- يىلى جېڭ شياۋ (鄭曉) (1499-1566) تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان مەلۇماتلاردا بولسا، قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار (畏兀兒)، خۇيخۇيلار (مۇسۇلمانلار) ۋە موڭغۇللارنىڭ ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[19]. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ، يەنى 1492 – يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ما ۋېنشېڭ (馬文升) (1426-1510) بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «قۇمۇلدا ‹خۇي›، ‹ئۇيغۇر› ۋە ‹قارا خۇيلار› (哈剌灰) (قارا مۇسۇلمانلار، موڭغۇللاردىن مۇسۇلمان بولغانلار) دىن ئىبارەت ئۈچ قوۋم ياشايدۇ. بۇ ئۈچ قوۋم بىر شەھەردە ياشىسىمۇ، بىر – بىرىدىن ئىرقىي ئۈستۈنلۈك تالاشمايدۇ ۋە بىر – بىرىگە بېقىنماستىن مۇستەقىل ھالدا ياشايدۇ[20].» مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى چېن چېڭ (陳誠) (1365-1457) 1414 – يىلدىن 1416- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۆمۈرلەڭ دۆلىتى (1370-1507) دە ساياھەتتە بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىڭ خانىغا سۇنغان دوكلاتىدا: «قۇمۇل خەلقى زومىگەر ۋە ھۇجۇمچى خەلق بولۇپ، موڭغۇللار ۋە خۇيخۇيلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ[21] . يې شياڭگاۋ (葉向高) (1559-1627) 1606 – يىلى بېسىلغان ئەسىرىدە قۇمۇل خەلقىنىڭ

(18) 茅瑞徵,《皇明象胥錄》卷7〈西域〉臺北:華文書局，1969:405

(19) 鄭曉,《皇明四夷考》卷下，臺北:華文書局1968: 519，521，546.

(20) 鄭曉,《皇明四夷考》卷下，臺北:華文書局1968:521.

(21) 陳誠,《使西域記》，王雲五主編,《叢書集成初編》，上海:商務印書館，1936:6.

ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى يازىدۇ[22] ، ئەمما، مۇسۇلمانلار ھەققىدە بىر نېمە دېمەيدۇ. بۇ ئېھتىمال كۆپ سانلىق ئاھالىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. قۇمۇلغا يېقىن رايونلاردا موڭغۇللارنىڭ ياشىغانلىقىمۇ مەلۇملۇقتۇر. ماۋ رۇيجېڭنىڭ 1629 – يىلى يازغان ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، لۈكچۈن ئاھالىسى «خۇيخۇي ۋە «ئۇيغۇرلار» دىن ئىبارەت ئىدى[23]. قۇمۇلنىڭ دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى 1909 – 1911 – يىللاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مانجۇ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىيسى يۈەن داخۇ (1851 - 1935) تۈزدۈرگەن «شىنجاڭ تارىخى» (新疆圖志) دا كۆرسىتىلىشىچە، «قۇمۇلدا ئۈچ خىل مىللەت (سەللىلىكلەر، تۇڭگانلار ۋە خىتايلار) ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سەللىكلەر (纏) يەرلىك خەلق (土著) بولۇپ، رايون مۇسۇلمان ھۆكۈمدار (回王) نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر .»[24] بۇ ئەسەردە سەللىلىكلەرنىڭ يەرلىك خەلق ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن[25]. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 15 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا ياشاۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولمىغان، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بۇلارمۇ باشتىلا مۇسۇلمان بولغان باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش «چەن» ياكى «چەنتۇ» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ رايوندىكى «چەنتۇ» دەپ ئاتالغانلار ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەتتى، ھەمدە قۇمۇلدىن باشلاپ ئىلىبالىققا قەدەر بولغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تىلدا سۆزلىشەتتى .»[26] قۇمۇل ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن، خىتايلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك «چەنتۇ» دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خىتاينىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلىمالىرىدىن سۇڭ يىڭشىڭ (宋應星) (1587 - 1666) نىڭ 1637 – يىلى يېزىپ قالدۇرغان بىر ئەسىرىدە، قاشتېشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، قاشتېشىنىڭ خوتەن (于闐) دىكى «چەنتۇ خۇي» (纏頭回)، يەنى «چەنتۇ مۇسۇلمان» لاردىن كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «چەنتۇ خۇي» لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر يازما خاتىرە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئۇلارنىڭ ئۆرپ – ئادىتى

(22) 葉向高,《四夷考》卷3〈哈密考〉, 臺北: 華文書局, 1969: 559.

(23) 茅瑞徵,《皇明象胥錄》卷7〈西域〉臺北: 華文書局, 1969: 385

(24) 袁大化,《新疆圖志》(一), 苗普生主编,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第1卷, 北京: 線裝書局, 2006: 25b.

(25) 袁大化,《新疆圖志》(一), 2006: 23b.

(26) 茅瑞徵,《皇明象胥錄》卷7〈西域〉臺北: 華文書局, 1969: 392

بويىچە ئۇلار بېشىغا ھەر ياشتا بىر قات رەخت ئورايدۇ، بېشىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ بېشىدىكى سەللىسىنىڭ ئورام سانى كۆپەيگەچكە سەللىسى يوغىناپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار «چەنتۇ خۇيزى» (纏頭回子) (چەنتۇ مۇسۇلمانلار) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىمۇ چېچىنى پەقەت كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى، ھۆكۈمدارنىڭ چېچى كۆرۈنۈپ قالغان يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنمىش. بۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىكقۇ! [27] » بۇ ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، «چەنتۇ خۇي» ياكى «چەنتۇ خۇيزى» دېگەن ئاتالغۇلار «سەللىلىك مۇسۇلمان» دېگەنلىك بولۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتەتتى.

مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ1644) ئوردىسىدا چەت ئەل ئالاقىسى مەمۇرلۇقىنى ئۆتىگەن يەن سۇڭجيەن (嚴從簡) 1574 – يىلى يېزىپ قالدۇرغان «ھەرقايسى ئەللەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر» (殊域周諮錄) ناملىق كىتابتا، تۇرپان بىلەن قۇمۇل ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، «قوزغىلاڭچى» دەپ كۆرسىتىلگەن گاۋ يەنمىڭ (高彥名) نىڭ مۇسۇلمانلىقى «چەنتۇ خۇيخۇي» (纏頭漢回 ) (سەللىلىك مۇسۇلمان) نامى بىلەن ئىپادە قىلىنغان[28] . يەنە بىر يەردە بولسا، خۇيخۇي (مۇسۇلمان) دېگەن نام قوللىنىلغان[29]. بىراق بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «خۇيخۇي» سۆزى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، تاكى ئىسلامنىڭ ئانا ۋەتىنى مەدىنىدىن[30] تارتىپ شەرقىي تۈركىستانغىچە بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئاتاشتا ئورتاق ئىشلىتىلگەن[31] .

1720 – يىلى بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ (西寧) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى خۇاڭ يۈەن (湟源) (كونا نامى شى نىڭ) رايونىنى زىيارەت قىلغان فېڭ يىپېڭ (馮一鵬)، مەزكۇر رايوندا سودا – تىجارەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، «چەنتۇ خۇيزى گو» (纏頭回子國) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار دۆلىتى) تىجارەتچىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بايانلىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يۇرت باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە باي بولۇپ، چەنتۇ خۇيزى (纏頭回子) (سەللىلىك مۇسۇلمان) تىجارەتچىلىرى ئۇنىڭ چاقىرىمدىنمۇ يىراق يەرلەردىن بۇ يەرگە كېلىپ تىجارەت قىلىدۇ. يىللىق تىجارەت سوممىسىنى مىليون خانلىق

(27) 宋應星,《天工開物譯註》（潘吉星譯註），上海:上海古籍出版社，1993:314.

(28) 嚴從簡，《殊域周咨录》( 余思黎點校)，卷13〈土魯蕃〉，北京：中華書局，2000:439.

(29) 嚴從簡，《殊域周咨录》卷11〈哈密〉，2000:391.

(30) 嚴從簡，《殊域周咨录》卷11〈哈密〉，2000:389.

(31) 嚴從簡，《殊域周咨录》卷11〈哈密〉，2000:390.

سانلار بىلەن ھېسابلايدۇ[32] .» فىك يېپىگىنىڭ قارىشىچە، «چەنتۇ خۇيزى گو» (纏頭回子國) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار دۆلىتى) رۇسىيە (俄洛斯) بىلەن جۇڭغار (準噶爾國) دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ[33]، رۇسىيە (俄洛斯) ئەڭ غەربكە جايلاشقان، «چەنتۇ خۇيزى گو» ئۇنىڭغا چېگرىداش كېلىدۇ[34] . رۇەن كۈيشېڭ (阮葵生) (1727 - 1789) نىڭ ئەسىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار يەر ئالىدۇ[35] . چەنتۇ خۇيزى گو (纏頭回子國) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار دۆلىتى) نىڭ قايسى دۆلەتنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، شۇ دەۋردىكى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئەگەر بۇ پەرەز توغرا بولسا، ختايلارنىڭ ئوسمانىيلارنىمۇ «چەنتۇ» (سەللىلىك) دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.


رەسىم2: شەرقىي تۈركىستانلىق بىر مۇسۇلمان - 1875

مەنچىڭ دۆلىتى (1644-1911) قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى ئاتاشتا ئەنئەنىۋى ئاتالغۇسىنى قوللاندى. مەنچىڭ دۆلىتىنىڭ ئوردا تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان جۇڭغار موڭغۇل خانلىقى (1635 - 1757) نىڭ ھۆكۈمدارى غالدان (1644-1697) 1679 – يىلى 7 – ئايدا (1679 – يىلى 6 – ئاۋغۇستتىن 4 – سېنتەبىرگىچە دېگەن قاراشمۇ بار) قوشۇن باشلاپ تۇرپان ۋە قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغان[36] . بۇنىڭدىن بىر ئاي كېيىن يېزىلغان (1679 – يىلى 1 - سېنتەبىر ) خاتىرىلەردە: «غالدان قوشۇنى بۇ يىل يازدا ‹چەنتۇ خۇيزى› (纏頭回子) رايونىغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن [37]. غالداننىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنچىڭ دۆلىتىگە قاراتقان ھۇجۇملىرى، مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، شىمالىي قىسمىدىكى موڭغۇللار

(32) 馮一鵬, 《塞外雜識》, 上海: 商務印書館, 1936: 3.
(33) 馮一鵬, 《塞外雜識》, 上海: 商務印書館, 1936: 15.
(34) 馮一鵬, 《塞外雜識》, 上海: 商務印書館, 1936: 14.
(35) 阮葵生, 《茶餘客話》卷13, 北京: 中華書局, 1959: 408-409.
(36) 《清實錄•聖祖實錄》卷82 〈康熙十八年七月甲辰〉, 第4冊, 北京: 中華書局, 1985: 1045b-1046a.
(37) 《清實錄•聖祖實錄》卷83 〈康熙十八年八月己丑〉, 第4冊, 北京: 中華書局, 1985: 1063b.

(قالماقلار) ۋە جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشىغا سەۋەب بولدى.

1757 – 1759 – يىللىرىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان تالاس ئۇرۇشى (751) دىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم خىتاي دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش، ئىمپېراتور چيەنلۇڭنىڭ خانلىق ھاياتىدىكى ئون چوڭ غەلىبىسىنىڭ ئىككىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[38]. چۈنكى قەدىمدىن بېرى، ھېچبىر ھۆكۈمدار شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنىڭغا ئوخشاش تولۇق ئىستىلاھ قىلىپ باقمىغان ئىدى[39] . بۇ قېتىملىق ئىشغالىيەت خىتايلارغا شەرقىي تۈركىستان ۋە خەلقىنى يېڭىدىن تونۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي تۈركىستاننى «مۇسۇلمان زېمىنى» (回地)، ياكى «مۇسۇلمانلار رايونى» (回部) دەپ ئاتىغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بولسا، «خۇي رېن» (回人) ياكى «خۇي جوڭ» (回眾) دەپ ئاتىغان ئىدى[40] . بۇنىڭ بىلەن بىرگە «خۇيزى» (回子) (مانجۇ تىلىدا، خۇيسە)، «خۇيمىن» (回民)، «چەنتۇ» (纏頭)، «چەنخۇي» (纏回) ۋە «چەنمىن» (纏民) دېگەنگە ئوخشاش دىنىي كىملىكنى ئىپادىلەيدىغان ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان ئىدى. دىنىي كىملىكنى ئىپادە قىلىدىغان «سەللىلىك مۇسۇلمانلار» تەبىرى بەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى «غەربىي دىيار چەنتۇلىرى» (西域纏頭回人)، ياكى «غەربىي دىيار چەنتۇ مۇسۇلمانلىرى» (纏頭)[41] دەپ[42] تەرىپلەنگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاۋ خۇي (兆惠) (1708 - 1764) ئوردىغا يازغان مەكتۇپىدا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى تەرىپلەشتە ئىشلىتىدىغان «خۇيبۇ» (回部) ياكى «خۇيرېن» (回人) دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، «ھايۋان» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «犭» (چۈەن) يان بۆلىكى بىلەن «خۇي» (回) خېتىنى بىرلەشتۈرۈپ، خىتاي يېزىقىدىكى يەنە بىر «خۇي» (㺯) خېتىنى قوللىنىدۇ. بۇ خەت «ھايۋان مۇسۇلمانلار» ياكى «ئىت مۇسۇلمانلار» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. كېيىنچە

(38)《清實錄•高宗純皇帝實錄》卷1414, 〈乾隆五十七年十月戊辰〉, 第26冊, 北京:中華書局,1986:1018; 庄吉发, 《清高宗十全武功研究》, 北京:中华书局, 1987:1-8.

(39) 松筠,《西陲總統事略》, 臺北:文海出版社, 1965:7; 祁韵士, 《西陲要略》, 臺北:成文出版社,1968:1; 松筠,《钦定新疆识略》, 臺北:文海出版社, 1965:3-4.

(40)《清實錄•高宗實錄》卷599, 〈乾隆二十四年十月下〉, 第16冊, 1985:704a, 709b-713b.

(41)《清史稿》卷517〈甘肅傳〉, 北京:中華書局, 1977:14303.

(42)《清史稿》卷517〈甘肅傳〉, 1977:14314.

مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭ (乾隆) (1796-1735) بۇ خىل ئىپادىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، بۇنى چەكلەيدۇ[43] . چىڭ خاتىرىلىرى (清實錄) دىكى سانغۇن جاۋ خۇيىنىڭ مەكتۇپلىرىدا (1760 – يىلى 3 - فېۋرال) بۇ خىل كەمسىتىش خاراكتېرلىك خىتايچە يېزىق ئىپادىلىرى ئۇچرايدۇ[44] . بىراق ئىمپېراتور چيەنلۇڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى پەقەت «چەنتۇ» نامى بىلەنلا ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

1746– يىلى 12 – ئاۋغۇستتىكى ئوردا خاتىرىسىدە، مەنچىڭ دۆلىتىنىڭ قالماقلارنىڭ تەھدىتىگە قارشى قۇمۇلدىكى مۇداپىئە سېپىنى كۈچلەندۈرۈشكە، چەنتۇلارنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىشى كېرەكلىكى يېزىلغان[45] . 1754 – يىلى 6 – ئىيۇندىكى خاتىرىدىمۇ قۇمۇل مۇداپىئەسى ئۈچۈن چەنتۇ ئەسكەرلىرىدىنمۇ پايدىلىنىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. [46] چيەنلۇڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئېلان قىلغان خان يارلىقىدا (1759 – يىلى 13 - دېكابىر)، شەرقىي تۈركىستاننى «خۇيبۇ» (回部)، خەلقىنى بولسا «قاڭشارلىق چەنتۇ» (纏頭碩鼻者) دەپ ئاتىغان[47]. چيەنلۇڭنىڭ بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشى بىلەن، «چەنتۇ» ئاتالغۇسى دىنىي كىملىك ئاتالغۇسى بىلەن بىرلىكتە، ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇشقا قاراپ ماڭغان.

## 4 - «چەنتۇ» نامىنىڭ دىنىي كىملىكتىن ئېتنىك كىملىككە ئۆزگىرىشى

مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى 1759 - يىلى بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي چېگراسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەربىي رايونلاردىكى ئورتاق كۈلتۈر، دىن ۋە تىلغا ئىگە مۇسۇلمانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1761 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسىدا، «شىنجاڭنىڭ قۇمۇلدىن باشلاپ غەربكە سوزۇلغان رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ‹مۇسۇلمان خەلقلەر› (回部) بولۇپ، ئۇلار ‹سىياسىي ئۇقۇم› (教化) ۋە ئۆرپ-

(43)《清實錄•高宗純皇帝實錄》第21冊，　卷983，〈乾隆四十年五月下甲子〉，　北京：中華書局，1986：121a；魏源，《聖武記》卷12，北京：中華書局1984：497.

(44)《清實錄•高宗純皇帝實錄》卷606 〈乾隆皇帝二十五年二月上〉，第16冊　，　北京：中華書局，1986：806b.

(45)清實錄•高宗實錄》卷269，〈乾隆十一年六月下庚寅〉，第12冊，北京中華書局，1985：502ab.

(46)《清實錄•高宗實錄》卷464，〈乾隆十九年五月上壬午〉，第13冊，1985：1019b.

(47)《清實錄•高宗實錄》卷600，〈乾隆二十四年十一月上〉，第16冊，1985：723b.

ئادەتلىرى جەھەتتىن ئەزەلدىن ئىچكىرى رايونلار (内地) غا ئوخشىمايدۇ[48] » دەپ يېزىلغان. باشقا بىر نۇسخىسىدا بولسا، «شىنجاڭنىڭ قۇمۇلدىن تارتىپ غەربكە سوزۇلغان رايونلىرىدا مۇسۇلمان خەلقلەر (回部) ياشايدۇ، ئۆرپ - ئادەتلىرى خىتايلارغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئەجنەبىيلەر (各夷) گىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ[49]» دەپ يېزىلغان. شۇ ۋاقىتتا مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى « 回子»، شىمالىدىكى ئويراتلارنى «厄鲁特» (قالماقلار/قالمۇقلار) ئەجنەبىيلەر «外夷» دەپ ئايرىمايدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىمپېراتورلۇقنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىدىغانلىقىنى ۋە باراۋەر ھالدا ئوخشاش نوپۇس دەپتىرىگە يېزىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[50]. ئوخشاش مەدەنىيەت ئاستىدا ياشىغان ۋە ئوخشاش كۇلتۇرگە ئىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېڭى چېگراسىنىڭ بەلگىلىنىشى بىلەن ئىسىملىرىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار «چەنخۇي»، «چەنتۇ» نامى بىلەن ئاتالغان. زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە «چەنخۇي» دېگەن سۆز، بىر مىللەتنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.



ياقۇپ بەگ 1820 - 1877

ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ( 1878 - 1865) مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، باش قوماندان لىيۇ جىنتاڭ (劉錦棠) (1894 -1844) 1881- يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىمپېراتورلۇققا يازغان بىر پارچە خېتىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، غەرب تەرەپتە «چاڭخۇي» ۋە «بۇرۇت» (布鲁特) (قىرغىزلار) كۆپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە موڭغۇللار، ئۇنىڭدىن كېيىن خىتاي مۇسۇلمانلار (漢回) ئولتۇراقلاشقان. شىمال تەرەپتە قازاقلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇلاردىن باشقا

(48) 蘇爾德,《回疆志》卷2〈風俗〉, 臺北:成文出版社(影印乾隆钞本), 1968:54-55.

(49) 永貴、固世衡等撰, 蘇爾德增撰, 吳豐培校訂,《新疆回部志》卷二〈风俗第八〉,《中國西北文獻叢書•西北民俗文獻》第2卷, 蘭州: 蘭州古籍書店, 1991:25.

(50) 松筠纂修, 《钦定新疆識略》卷12, 《續修四庫全書》第732册〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社,2002:765a.

موڭغۇللار، ختاي مۇسۇلمانلار ۋە چاڭخۇيلار (تارانچىلار) ئولتۇراقلاشقان[51]. بۇ يەردە «جەمەتلەر» دەپ ئىشلىتىلگەن «زۇلېي» (族類) دېگەن سۆزنىڭ تارىخىي مەنىدە «ئايماقلار» ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان «ئۇرۇقلار» نى كۆرسىتىدىغانلىقى مەلۇم. «چەنخۇي» دېگەن سۆز، مۇسۇلمان كىملىكىگە ئىگە خەلقلەرنىڭ ئىسمىنى ئەمەس، بىرلا ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. ياقۇپ بەگ هاكىمىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ختاي هۆكۈمىتى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان «ئىشتات بولسۇنمۇ - بولمىسۇنمۇ؟» دېگەن تالاش - تارتىشلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلاردىن بىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان مۇئاۋىن باش قوماندان (副都統) لى يۈنلىنىڭ (李雲麟) (1831-1897) يازغان «شىنجاڭنى شىتاتقا ئۆزگەرتىش هەققىدە» (論新疆改省) دېگەن خېتىدە: «قۇمۇلدىن غەربكە سوزۇلغان تۇرپان ۋە ئۇنىڭ داۋامىدىكى سەككىز شەهەرنىڭ (قاراشەهەر، كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن ۋە خوتەن) هەممىسىدە چەنتۇلار ياشايدۇ ۋە ختايلار يوق» دەپ يۇقىرىدىكى پىكىرنى تەكىتلىگەن[52].

پادىشاه داۋگۇاڭ دەۋرىدە (1812-1850) تۇرپان رايونىدىكى مۇسۇلمانلار «خۇيزى» (回子) ۋە شۇنداقلا «چەنتۇ خۇيزى» (纏頭回子) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) دەپ ئاتالغان[53]. پادىشاه تۇڭجى ئۆز دەۋرىدە (1856-1875) شەرقىي تۈركىستاننى «خۇي جياڭ» (回疆) (مۇسۇلمان رايونى) ۋە خەلقىنىڭ ئىرقىي تەۋەلىكىنى «مۇسۇلمان ئىرقى» (回種) دەپ ئاتىغان[54]. بۇ رايوندا مەيدانغا كەلگەن قوزغىلاڭلار ۋە مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان يەرلىك هۆكۈمدارلارغا قارشى، «نى خۇي» (逆回) (ئىسيانچى مۇسۇلمانلار)[55]. «خۇي زېي» (回賊) (خائىن مۇسۇلمانلار[56]) «خۇي فېي» 回匪 (مۇسۇلمان ساتقۇنلار[57]) ۋە خۇي زەي[58] (回子) (مۇسۇلمان خائىنلار) دېگەندەك سەلبىي نامىلارنى

(51) 劉錦棠，〈新疆命盜案件請暫行變通辦理折〉，《刘襄勤公(毅斋)奏稿》卷2 〈光緒七年四月初十〉， 臺北：文海出版社，1968：220.

(52) 李雲麟，〈論新疆改省〉，葛士濬，《皇朝經世文續編》卷75〈兵政〉14〈塞防〉下，上海：上海圖書集成局排印，1888：102，131；李雲麟，〈論新疆改省〉，《近現代中國邊疆界務資料》第10冊，香港：蝠池書院出版有限公司，2007：5001.

(53)《清實錄•宣宗實錄》卷80，〈道光五年三月甲寅〉，第34冊，1985：299a.

(54)《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年正月中乙卯〉，第47冊，1987：32a.

(55)《清實錄•穆宗實錄》卷120，〈同治三年十一月丁未〉，第47冊，1987：658ab.

(56)《清實錄•穆宗實錄》卷267，〈同治八年九月下丁亥〉，第50冊，1987：705b.

(57)《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年十月中己酉〉，第47冊，1987：666b.

(58)《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年正月中乙卯〉，第47冊，1987：32a.

قوللىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «چەنتۇ»[59] دېگەن نامنى ۋە «چەنتۇ خۇيزى»[60] (纏頭回子) (مۇسۇلمانلار) ياكى پەقەتلا «خۇيزى» (回子[61]) (مۇسۇلمانلار) دېگەن نامنىمۇ ئىشلەتكەن. بەزىدە «خۇي جوڭ» (回眾) (مۇسۇلمان خەلق[62])، «چەنمىن» (سەللىلىك خەلقلەر)[63] ۋە «چەنخۇي» 纏回 (سەللىلىك مۇسۇلمانلار)[64] دېگەندەك نامنىمۇ ئۇچرىتىمىز. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن رايوندا تەشكىللەنگەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى «چەنتۇ خۇيبىڭ» (纏頭回兵) (سەللىلىك مۇسۇلمان ئەسكەرلەر) دەپ ئاتىغان[65]. شەرقىي تۈركىستاندا 1864- يىلى قوزغىلاڭغا قاتناشقان غۇلجا ھاكىمى مەزەمزاتنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ «خۇي بىڭ» (回兵) (مۇسۇلمان ئەسكەرلەر) دەپ ئاتىغان[66]. قوزغىلاڭچى خىتاي مۇسۇلمانلارنى «خەن

(59) 《清實錄•穆宗實錄》卷120，〈同治三年十一月丁未〉，第47冊，1987:658a；《清實錄•穆宗實錄》卷178，〈同治五年六月上丁酉〉，第49冊，1987:213a；《清實錄•穆宗實錄》卷180，〈同治五年秋七月上甲子〉，第49冊，1987:242a；《清實錄•穆宗實錄》卷181，〈同治五年七月下庚辰〉，第49冊，1987:258a；《清實錄•穆宗實錄》卷184，〈同治五年九月上丁巳朔〉，第49冊，1987:300a；《清實錄•穆宗實錄》卷228，〈同治七年夏四月上己卯朔〉，第50冊，1987:36b；《清實錄•穆宗實錄》卷230，〈同治七年四月下辛丑〉，第50冊，1987:171a；《清實錄•穆宗實錄》卷308，〈同治十年夏四月上甲戌〉，第51冊，1987:89b；《清實錄•穆宗實錄》卷342，〈同治十一年冬十月上甲子〉，第51冊，1987:513b；《清實錄•穆宗實錄》卷347，〈同治十一年十二月下己卯〉，第51冊，1987:579a；《清實錄•穆宗實錄》卷353，〈同治十二年六月乙亥〉，第51冊，1987:673b；《清實錄•穆宗實錄》卷356，〈同治十二年八月癸卯〉，第51冊，1987:717a；《清實錄•穆宗實錄》卷357，〈同治十二年九月甲子〉，第51冊，1987:725b；《清實錄•穆宗實錄》卷361，〈同治十二年十二月辛卯〉，第51冊，1987:777a；《清實錄•穆宗實錄》卷370，〈同治十三年八月壬午〉，第51冊，1987:898a；《清實錄•穆宗實錄》卷371，〈同治十三年九月庚申〉，第51冊，1987:913a；《清實錄•穆宗實錄》卷373，〈同治十三年十一月己未〉，第51冊，1987:943a；《清史稿》卷100〈乾隆二十五年平定西陲凱歌四十章〉，1977:2979；《清史稿》卷237〈孟喬芳傳〉，1977:9478；《清史稿》卷439〈景廉傳〉,1977:12394；《清史稿》卷454〈徐學功傳〉,1977:12629；

(60) 清實錄•穆宗實錄》卷126，〈同治四年正月上甲辰〉，第47冊，1987:17a；《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年正月中戊申〉，第47冊，1987:21a；《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年正月中乙卯〉，第47冊，1987:32a；《清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年十月中己酉〉，第47冊，1987:666b.

(61) 清實錄•穆宗實錄》卷127，〈同治四年正月中乙卯〉，第47冊，1987:32a.

(62) 清實錄•穆宗實錄》卷279，〈同治九年三月下甲午〉，第50冊，1987:872a；《清實錄•穆宗實錄》卷356，〈同治十二年八月癸卯〉，第51冊，1987:717a.

(63) 清史稿》卷22 <穆宗載淳同治十一年>, 1977:840;《清史稿》卷120 <食貨一·田制>, 1977:3512;《清史稿》卷137 <邊防·新疆>, 1977:4084;《清史稿》卷454 <文麟傳>, 1977:12628;

(64) 清史稿》卷420 <左宗棠傳>, 1977:12032;《清史稿》卷447 <陶模傳>,1997:12504;《清史稿》卷453 <榮全傳>,1997:12587;《清史稿》卷454 <劉錦棠傳>,1997:12609;《清史稿》卷454 <張曜傳>, 1977:12614;《清史稿》卷454 <文麟傳>, 1977:12627;《清史稿》卷455 <黃萬鵬傳>, 1977:12638;《清史稿》卷493 <伯錫爾傳>, 1977:13663-13664;

(65) 清實錄.穆宗實錄》卷124, <同治三年十二月中戊寅>, 第47冊, 1987:721a.

(66) 清實錄.穆宗實錄》卷124, <同治三年十二月中乙酉>, 第47冊, 1987:737a.

خۇي» (漢回) دەپ ئاتىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستانلىق قوزغىلاڭچى مۇسۇلمانلارنى «چەنتۇ خۇينى» (纏頭回逆) (سەللىلىك مۇسۇلمان خائىنلار) دەپ ئاتىغان[67]. رايوندىكى ئاقساقاللارنى «خۇي ۋاڭ» (回王) (مۇسۇلمان بەگلەر)، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرىنى «خۇي شۇ» (回首) (مۇسۇلمانلار باشلىقى) دەپ ئاتىغان[68]. 1867- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ياقۇپ بەگنى (1820 - 1877) ئەنجانلىق (安集延) «خۇي چيۇ» (回酋) (مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى) دەپ ئاتىغان[69].

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، ئىلى رايونىدىكى تارانچىلارنىمۇ «چەنتۇ» دەپ ئاتىغان. ئىلى رايونى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن (1881 - 1871) بۇ يەردىكى سىدىقنى «چەنتۇ سىدىق» (纏頭色得克) (سەللىلىك سىدىق) دەپ ئاتىغان[70]. شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى شاشەنزى (沙山子) ۋە شخۇ (西湖) ئۇسۇ (烏蘇) رايونىدىكى مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مۇسۇلمانلارنى «چاڭيى» (纏夷) (سەللىلىك ئەجنەبىيلەر) دەپ ئاتىغان[71]. ئۈرۈمچىگە يېقىن يېڭى بالىق (昌吉) (Chang-ji) رايونىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىمۇ «چاڭيى» (سەللىلىك ئەجنەبىيلەر) دەپ ئاتىغان[72]. بۇلارنى «ئەجنەبىي » دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ياقۇپ بەگكە يانتاياق بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «چەن» (سەللىلىك) ياكى «چەنتۇ» (بېشىغا سەللە يۆگەيدىغان) دەپ ئاتالغانلىقى بىر ھەقىقەت.

مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلغاندا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان باش قوماندان زو زۇڭتاڭ (左宗棠) (1885 - 1812)[73] بىلەن باش گېنېرال ليۇ جىنتاڭ (刘锦棠) (1844-1894)[74] نىڭ ھۆكۈمەتكە يازغان خەتلىرىدە «چەنتۇ» دېگەن نامنىڭ ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىنى كۆپلەپ ئۇچرىتقىلى

(67) 清實錄•穆宗實錄》卷126, 〈同治四年春正月上丁酉朔〉, 第47冊, 1987:2a.

(68) 清實錄•穆宗實錄》卷279, 〈同治九年三月下甲午〉, 第50冊, 1987:872a.

(69) 清實錄•穆宗實錄》卷308, 〈同治十年夏四月上甲戌〉, 第51冊, 1987:89b.

(70) 《清實錄.穆宗實錄》卷350, <同治十二年三月丙申>, 第51冊, 1987:633a.

(71) 《清實錄.穆宗實錄》卷356, <同治十二年八月壬午>, 第51冊, 1987:708a.

(72) 《清實錄.穆宗實錄》卷359, <同治十二年十一月庚戌>, 第51冊, 1987:751a.

(73) 秦翰才, 《左文襄公在西北》, 重慶:商務印書館 , 1945:100-120; 杜經國, 《左宗棠與新疆》 烏魯木齊:新疆人民出版社, 1983:82-160; 蔣致潔 〈左宗棠進軍新疆運輸路線考略〉, 《甘肅社會科學》1987年第1期, 頁90-96.

(74) 陳旺城, 〈論劉錦棠在西北〉, 《通識研究集刊》 (開南管理學院通識教育中心) 第2期 (2002年12月), 頁165-200.

بولىدۇ. زوزۇڭتاڭنىڭ مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئوردىسىغا يازغان مەكتۇپلىرىدا، قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا (Hui-jiang)، (回疆) (مۇسۇلمان زېمىنلىرى) چەنتۇ ياكى چەنخۇي (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) خەلقلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ[75]. مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا جۇڭغارلار، جەنۇبىدا بولسا مۇسۇلمانلار ياشايدۇ[76] ۋە خىتايلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ بىلەتتى. شەرقىي تۈركىستان مانجۇ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى 1772 - يىلىدىن 1784 - يىللىرى ئارىسىدا رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە يېزىلغان بىر ئەسەردە، قۇمۇلدىن غەربكە سوزۇلغان كەڭ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەكلا مۇسۇلمانلارنىڭ ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى (内地) قىسمىدىكى خىتايلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە باشقا چەت ئەللىكلەردىنمۇ پەرقلىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ[77]. 1781 - يىلى يېزىلغان بۇ ئەسەردە، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇمۇلدىن خوتەن ۋە يەكەنگىچە بولغان رايونلاردا ياشايدىغانلىقى، كېيىنچە مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ[78]. 1883 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان بىر دوكلاتتىمۇ، قۇمۇلدىن خوتەنگىچە بولغان رايونلاردا دېگۈدەكلا «چەنخۇي» (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) (回眾) نىڭ ياشايدىغانلىقى يېزىلىدۇ[79]. بەزىدە مەزكۇر رايونلاردىكى خەلق «خۇيچوڭ» (مۇسۇلمان خەلق[80])، «چەنتۇ خۇي» (纏頭回) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار[81])، «چەنتۇ خۇيرىن» (纏頭回人) (سەللىلىك مۇسۇلمان كىشىلەر[82])، چەنمىن (纏民) (سەللىلىك خەلق[83]) ۋە تۇجۇ (土著) (يەرلىكلەر[84]) قاتارلىق ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان.

(75) 左宗棠,《左宗棠全集•奏稿六》, 長沙: 岳麓書社, 2009:606-744; 左宗棠,《左宗棠全集•奏稿七》, 長沙: 岳麓書社, 2009:28-532.

(76) 《嘉慶重修一統志》(四部叢刊續編史部), 卷516, 第29冊, 上海:上海書店, 1984:1.

(77) 永貴、固世衡,《回疆志》卷二<風俗>, 臺北: 成文出版社, 1968:54-55; 蘇爾德, 《新疆回部志》(吳豐培校訂) 卷二<風俗第八>,《中國西北文獻叢書》第4 輯《西北民俗文獻》第2卷, 蘭州:蘭州古籍書店, 1990:25.

(78) 紀昀, 《欽定蘭州紀略•欽定四庫全書總目》, 北京:中華書局, 1997:681.

(79) 慕璋,《新疆回部紀略•自序》(光緒十年稿本), 《中國西北文獻叢書》第二編第一輯《西北稀見方志文獻》第四卷, 北京:線裝書局, 2006:10.

(80) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:609.


(81) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:680, 699, 715.

(82) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:90.

(83) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:157, 202, 473.

(84) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:591, 649, 727.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك مۇسۇلمان كىچىك باللار «خۇيتوڭ» (回童) (مۇسۇلمان باللار[85])، رايوندىكى باشقۇرغۇچىلار «خۇيمۇ» (回目) (مۇسۇلمان رەئىسلەر[86]) دېيىلگەن. خىتاي مەنبەلىرىنىڭ بەزىسىدە، رايون خەلقى چەت ئەللىك دەپ قارايدىغان ئەنجانلىقلار ۋە قىرغىزلار بىلەن ئوخشاش كۆرۈلگەن. 1857 – يىلى ئۈچتۇرپاندا ئەمەل تۇتقان باۋدا (保達) يازغان «شىنجاڭ فۇخۇا تەزكىرىلىرى» (新疆孚化志略) ناملىق كىتابتا، رايوندىكى مۇسۇلمانلار «مۇسۇلمان چەت ئەللىكلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «خۇيىي» (回夷) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. «يى» سۆزى



گېنېرال لىيۇ جىنتاڭ يېڭىسار چەنتۇ (ئۇيغۇر) لىرىدىن ئابدۇللاھنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئىمپېراتور گۇاڭشۇغا يازغان مەكتۇپ. (1882- يىلى 8- ئاي)

خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايدىغان ۋە خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ سىرتىدا قالغان خەلقلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، «تۆۋەن مەدەنىيەتلىك كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈچتۇرپان ھۆكۈمىتى ئىچىدە، پۈتۈن ئۈچتۇرپاننىڭ بۇرۇت

(85)　《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:377, 466.

(86)　《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:739, 743.

(布魯特) (قىرغىزلار) ۋە ئەنجانلىقلار (安集延) (ئۆزبېكلەر) نىڭ سوت ھەمدە ۋىزا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خۇيبى (回夷處) باشقارمىسى بار بولغان[87].

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئىلى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلار «يىلى چەنخۇي[88]» (伊犁纏回) (ئىلى سەللىلىك مۇسۇلمانلار) ۋە «يىلى خۇيرىن[89]» (伊犁回人) (ئىلى مۇسۇلمانلىرى) دەپ ئاتالغان. 1881 – يىلى ئىلى رايونى رۇسلاردىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا شەنشى – گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ ۋالىيسى (陝甘總督) بولغان تاڭ جوڭلىن (譚鍾麟) (1822-1905) ئىلىدا ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارنى «يىلى خۇيرىن» (伊犁回人) (ئىلى مۇسۇلمانلىرى) دەپ ئاتىغان[90]. بۇنىڭدىن باشقا، 1876 – يىلى ئۆكتەبىردىن 1885 – يىلى ئاۋغۇستقىچە ئىلىدا گېنېرال بولغان جىن شۇن (金順) (1831-1886) تارباغاتاي (چۆچەك) شەھىرى ۋە ئەتراپىدا چەنتۇلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[91]. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى كۈيتۇن (奎屯) دىمۇ چەنتۇلار ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارغا شياڭ يۆ (鄉約) ئۇنۋانىدىكى مەنسۇر (莽索爾) ئىسىملىك بىرى باشچىلىق قىلاتتى[92]. زوزوڭتاڭنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، ئىلى رايونىدا شەنشى مۇسۇلمانلىرى (خىتاي مۇسۇلمانلىرى)،

چەنخۇيلار ۋە خىتاي مۇسۇلمانلىرى قاتارلىق ھەر خىل مۇسۇلمانلار بار ئىدى[93]. خىتاي مۇسۇلمانلىرى زوزوڭتاڭنىڭ ئىشغالىدىن قېچىپ، رۇسلاردىن پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. ئىلى رايونىنىڭ ئوخشىمىغان شەھەرلىرىدە قالغان ئاز ساندىكى خىتاي مۇسۇلمانلىرىدىن باشقا، بۇ رايونلاردا چەنخۇي ۋە تۇ خۇي (土回) (يەرلىك مۇسۇلمانلار) دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمانلار ياشايتتى. چەنخۇيلار بولسا، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك خەلق (土著) قە ئۆزگەرگەن ئىدى[94].

شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلار (哈薩克) ۋە قىرغىزلار (布魯特) (بۇلۇت ،

(87) 欽憲保達纂輯，《新疆孚化志略》，臺北：成文出版社，1968:29-31.

(88) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:133, 306.

(89) 《左宗棠全集•奏稿七》，2009:287，306-307.


(90) 譚鍾麟，《譚文勤公（鐘麟）奏稿》卷12，臺北:文海出版社，1968:745.

(91) 金順，〈中俄議定塔城俄屬商人貿易地址條約〉（光緒九年二月二十七日），王彥威輯，《清季外交史料》(全5冊)卷31，北京：書目文獻出版社1987:582b，583ab.

(92) 左宗棠，〈派員查明中外交涉案件折〉，《左宗棠全集•奏稿卷52》第10冊，2009:8109.

(93) 《左宗棠全集•奏稿七》，2009:377，455.

(94) 《左宗棠全集•奏稿七》，2009:306.



ئىلى گېنېرالى جىن شۈننىڭ ئىمپېراتور گۇاڭشۇغا يازغان ‹ئىلى رايونىغا چەنخۇي (ئۇيغۇر) هاكىم بەگنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى مەكتۇپ. (1884 - يىلى 1- ئاي)

قامىقچىدىن مانجۇچىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ‹تاغلىقلار› دېگەن مەنىنى بىل-دۈرىدۇ(95)) ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئەمما، ياقۇپ بەگنىڭ ئادەملىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلەر «يىخۇي» (夷回) (چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار، ئۆزبېكلەر)، «خۇيىي» (回夷) (مۇسۇلمان چەت ئەللىكلەر) ۋە «ئەنيى» (安夷) (ئەنجانلىق چەت ئەللىكلەر) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان(96). بەزىدە، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى «ئەنجىيەن چەنتۇ» (安集延纏頭) (ئەنجانلىق چەنتۇلار) ۋە (ئەنجانلىق سەللىلىك چەنتۇلار(97)) دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «بېندى چەنخۇي» (يەرلىك چەنتۇلار) دەپ ئاتىغان(98). بەزى ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان ئەنجانلىقلار «ئەندىجان چەنتۇ» (安集延纏頭) دېيىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىغا «شياڭ يۆ» (鄉約) ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1878 - يىلى زوزۇڭتاڭنىڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇپىدا، بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى ئىسمىنىڭ «هاشىم بەگ» (阿興拜) ئىكەنلىكى يېزىلغان(99). غەربىي تۈركىستانلىقلار «شىيۇ چەنتۇ مۇسۇلمانلىرى» (غەربىي دىيار سەللىلىك مۇسۇلمانلار(100)) ياكى «شىيۇ چەنتۇ» (西域纏頭) (غەربىي دىيار سەللىلىرى(101)) دەپمۇ ئاتالغان. تۇڭگانلار «خەنخۇي» (漢回) (خىتاي مۇسۇلمانلىرى(102)) ياكى «تۇخۇي» (يەرلىك مۇسۇلمانلار(103)) دەپ ئاتالغان. گەرچە ھەممىسىنىڭ نامى بىر – بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «خۇيبۇ»

(95) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:377, 263. 金順, <伊犁將軍金順等奏勘分科界必先安插蒙哈請款撫邺摺>(光緒九年二月二十七日), 王彥威輯, 《清季外交史料》(全5冊)卷31, 北京: 書目文獻出版社1987:581a, 586ab.

(96) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:605-606.

(97) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:605-606.

(98) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:19, 21.

(99) 左宗棠, <派員查明中外交涉案件摺>, 《左宗棠全集•奏稿卷52》第10冊, 2009:8113.

(100) 趙爾巽, 《清史稿》517, 1977:14314.

(101) 趙爾巽, 《清史稿》517, 1977:14303.

(102) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:591; 736.

(103) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:717.

(مۇسۇلمانلار) كاتېگورىيەسىگە تەۋە قىلىنغان(104).

غەربىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سودا – سېتىق ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىن باشقا، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشى توغرىسىدىمۇ ئۇچۇرلار بار. چار رۇسىيە 1867 – يىلى قۇرغان تۈركىستان گوبېرناتورلۇقىنىڭ باش گوبېرناتورى كونستانتىن پېتروۋىچ كائۇفمان (1818-1882) نىڭ 1878 – يىلى يوللىغان دوكلاتىدا، ياقۇپ بەگ دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئالتە شەھەرلىك سارتلارنىڭ ئوش رايونىغا كۆچكەنلىكى ۋە بۇ رايوننىڭ نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سارتلارنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ(105). چوقان ۋەلىخانوۋ(1835-1865) نىڭ خاتىرىلىرىدە، 19 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدا قەشقەردىن ئەنجان ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا كۆچكەنلەرنىڭ سانى 56 مىڭ ئائىلىگە يەتكەنلىكى ۋە يەرلىكلەرنىڭ بۇلارنى كەمسىتىپ «تاغلىق» لار دەيدىغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ(106). مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋالىيسى يۈەن داخۇانىڭ قارىشىچە، 1911 – يىلىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا 1 مىليون «چەنمىن» (سەللىلىك خەلق) بار ئىدى(107).

گېنېرال ليۇجىنتاڭ شەرقىي جەنۇبىي تۈركىستاننى «خۇيجاڭ» (回疆) (مۇسۇلمان زېمىنى) دەپ ئاتىغان. ئۇ بۇ كەڭ زېمىندا «چەنخۇي»، «تۇخۇي» (يەرلىك مۇسۇلمانلار)، ختاي مۇسۇلمانلىرى، بۇلۇتلار (قىرغىزلار) ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ(108). ليۇجىنتاڭ ئوردىغا يازغان بىر مەكتۇپىدا، بۇ خەلقلەرنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ: «گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 4 – 5 – يىللىرى ئارىسىدا (1878-1879) «چەنخۇي»، «شەنخۇي» (陝回) (شەنشىلىك ختاي مۇسۇلمانلىرى)، ئەنجانلىقلار (安集延) (ئۆزبېكلەر) ۋە قىرغىزلار (布魯特) نىڭ ھەممە ئەلبېشىلىرى (逆目) پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىن تازىلاندى» دەيدۇ(109). گېنېرال ليۇجىنتاڭمۇ

(104) 《左宗棠全集•奏稿七》，2009:263.

(105) Hegel Iskhakov et Khadia Akhmedova, “Les migrations des Ouïgours vers l’Asie centrale ex-soviétique”, *Cahiers d’Etudes sur la Méditerranée Orientale et le monde Turco-Iranien*, No. 25, 1998:1-6.

(106) Чокан Валиханов, “Материалы и исследования о Кашгарии”, *Валиханов Ч.Ч. Собрание сочинений*, Алма-Ата: Изд-во АН КазССР, т. 2, 1962:13.

(107) 袁大化,《新疆圖志》(二)卷106 〈奏議16〉, 苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第2卷, 北京: 線裝書局, 2006:483a.

(108) 劉錦棠, 《劉襄勤公(毅齋)奏稿》, 臺北:文海出版社, 1968:161.

(109) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:232.

بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنى «چەنخۇي» دەپ ئاتاش بىلەن بىرلىكتە، «خۇيجوڭ»(110) (回眾) (مۇسۇلمانلار توپلۇقى)، «خۇيمىن»(111) (回民) (مۇسۇلمانلار خەلقى)، «خۇيزۇ»(112) (回族) (مۇسۇلمان مىللىتى)، «چەنخۇي تۇزۇ»(113) (纏回土著) (يەرلىك سەللىلىك مۇسۇلمانلار) ۋە« شىنجاڭ خەلقى»(114) (新疆人民) دېگەندەك ناملارنى ئىشلىتىدۇ. لىيۇجىنتاڭنىڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇبىدىكى ئىپادىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۈچ رايون (邊塞) غا جايلاشقان «شىنجاڭ» چەنخۇيلار توپلىشىپ ياشايدىغان جاي ئىدى(115). بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان «شىنجاڭ خەلقى» نىڭ كۆپ سانلىقى« چەنخۇي» لار ئىدى. ئەمما ئۇ، چەنخۇيلارنى «ختاي مۇسۇلمانلىرى»(116) (Tong-guang) (通光) (تۇڭگان) دەپ يازغان.

ئىلى رايونىدا ياشايدىغان يەرلىك مۇسۇلمانلار «يىلى خۇيچەن» (伊犁回纏) (ئىلىلىق سەللىلىك مۇسۇلمانلار(117)) دەپ ئاتالغان ۋە ئۇلار قازاقلار بىلەن بىللە ياشىغان. ئىلى رايونىدىكى ختاي مۇسۇلمانلىرى بولسا، «يىلى خۇيمىن»(118) (伊犁回民) (ئىلى مۇسۇلمانلىرى) دەپ ئاتالغان. ختايلار ئىلى رايونىدىكى «چەنخۇي»(119) لارنى (伊犁纏頭) شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر، دەپ قاراپ، ئۇلارنى «تالانچى»(120) (塔蘭池) (تارانچى) دەپ ئاتايتتى. ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بولسا، «ئەنيى» (安夷) (ئەنجانلىق ئەجنەبىيلەر) دەپ ئاتىغان(121). ئوخشاش شەكىلدە قىرغىزلارغىمۇ ياتنىڭ كۆزىدە قاراپ «بۇيى» (布夷) (بۇلۇت ئەجنەبىيلىرى) دەپ ئاتىغان(122). ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيەسىدىكى قازاقلارنى «خايى» (哈夷) (قازاق

(110) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1234, 1413.

(111) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1244, 1246, 1377.

(112) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:406.

(113) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1469.

(114) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1205.

(115) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1414.

(116) 陶保廉, 《辛卯侍行記》卷6,《續修四庫全書》737〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社, 2002: 593b.

(117) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:384.

(118) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1409.

(119) 李雲麟, 《西陲事略》卷中, 臺北:成文出版社, 1968:26, 29.

(120) 陶保廉, 《辛卯侍行記》卷6,《續修四庫全書》737〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社, 2002: 594a.

(121) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:299, 524.

(122) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:612.

ئەجنەبىيلىرى) دەپ ئاتىغان[123]. چار رۇسىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئىلىلىق (شەرقىي تۈركىستانلىق) مۇسۇلمانلارنى «فۇ ئې چەنخۇي[124]» (附俄纏回) (رۇسلارغا قارام چەنخۇيلار) ۋە «ئې چەنتۇ[125]» (俄纏頭) (رۇسىيە چەنتۇلىرى) دەپ ئاتىغان. 1866 - يىلى ئىلى گېنېرالى (伊犁將軍) نىڭ ۋەكىلى بولغان ۋە 1878 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغان لى يۈنلىن (李雲麟) (1831-1897) رۇسىيە چەنتۇلىرىنىڭ ئىلى رايونىدىن كۆچكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى[126] ؛ رۇسىيەگە قاچقانلارنىڭ ئارىسىدا چەنتۇلاردىن باشقا، خىتاي مۇسۇلمانلىرى[127] (漢回) نىڭمۇ بارلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. لىيۇ جىنتاڭنىڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇپلىرىنىڭ بىرىدە، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەر «خۇيتوڭ[128]» (回童)، ئىسلام دىنى «خۇيجياۋ[129]» (回教)، مۇسۇلمان يېزىقى «خۇيۋېن[130]» (回文)، كىتابى «خۇيشۇ[131]» (回書)، يېزىق تىلى «چەنخۇي يۈ يەن ۋېنزى[132]» (纏回語言文字) (چەنخۇيلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى)، يەرلىك بەگلىرى «خۇيگۈەن[133]» (回官) ۋە دىنىي كىملىكى بولغان رايون بەگلىرى «خۇيمۇ[134]» (回目) (مۇسۇلمان رەئىسلەر) دەپ ئاتالغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىكى تەرجىمانلار «چەنخۇي زىشى توڭشى[135]» (纏回字識通事) (چەنخۇي يېزىقىنى بىلىدىغان تەرجىمانلار) دەپ ئاتالغان. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە، ئوتتۇرا ئاسىيالىق خوجىلار نەسەبىدىن كەلگەن دىنىي رەھبەرلەر ۋە بۇ نەسەبكە مەنسۇپ

(123) 〈科布多辦事大臣清安、額爾慶額等奏俄兵入科先事籌備摺〉, 王彥威辑,《清季外交史料》(光緒朝)卷27, 北京: 書目文獻出版社, 1987:514b; 《清實錄•德宗實錄》卷101〈光緒五年十月戊申〉, 第53冊, 北京:中華書局, 1987:512.

(124) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:521. 無用,〈纏回俄化之索隱〉,《太平導報》1926年第1卷第44-45期, 頁12-13.

(125) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:966.

(126) 李雲麟, 《西陲事略》卷中, 臺北:成文出版社, 1968:25.

(127) 《清實錄•穆宗實錄》卷308,〈同治十一年三月庚寅〉, 第51冊, 1987:366b;《清實錄•穆宗實錄》卷341,〈同治十一年九月下庚戌〉, 第51冊, 1987:499a.

(128) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:405-407, 1413.

(129) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:458.

(130) 《清實錄•穆宗實錄》卷308,〈同治十一年三月庚寅〉, 第51冊, 1987:366b;《清實錄•穆宗實錄》卷341,〈同治十一年九月下庚戌〉, 第51冊, 1987:499a.

(131) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:405-407, 1413.

(132) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:586.

(133) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1249.

(134) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1234, 1413.

(135) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1243-1248.

كىشىلەر «خۇيزى» (回子) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، قۇمۇلنىڭ مۇسۇلمان ۋاڭىنى[136] (哈密回王)، «خامى خۇيزى»[137] (哈密回子)، «جاساكې خۇيزى»[138] (札薩克回子)، ۋە بەزىدە «چەنتۇ» بىلەن «خۇيزى» نى بىرلەشتۈرۈپ «چەنتۇ خۇيزى»[139] (纏土回子) دەپ ئاتىغان. «چەنتۇ خۇيزى» دېگەن نام 1842 – يىلىغا ئائىت بىر ھۆججەتتە كەشمىردىكى مۇسۇلمانلار (喀什米爾纏頭回子) ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغان[140].

زوزۇڭتاڭ بىلەن لىيۇجىنتاڭنىڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇپلىرىدىن «چەنتۇ»، «چەنمىن»، «چەنخۇي» خەلقىنىڭ قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇللارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى «土著» دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانجۇ ئىمپېرىيەسى دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن ۋېي يۈەن (魏源) (1794-1856) قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بولسىمۇ، جۇڭغارلار (قالماقلار)، چەنخۇيلار (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) غا ۋە موڭغۇللارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[141]. دېمەك، بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستاندا «چەنتۇ» خەلقىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ بۇ زېمىنغا كېيىن ئولتۇراقلاشقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[142]. بۇلاردىن باشقا، زوزۇڭتاڭ بىلەن لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەكتۇپلىرىدا «چەنتۇ» خەلقىنىڭ خاراكتېرى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارمۇ ئۇچرايدۇ. لىيۇ جىنتاڭنىڭ قارىشىچە، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلق بولغان «چەنتۇ خۇيزى» (纏土回子) (سەللىلىك يەرلىك مۇسۇلمانلار) لار ساداقەتمەن ۋە ياۋاش (孝順) كېلىدۇ[143]. ئۇ «چەنخۇي» خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئەخمەق ۋە قورقۇنچاق (愚懦) بولغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپ بەگكە بېقىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ[144]. قوماندان زوزۇڭتاڭنىڭ قارىشىچە، ئىلى رايونىدىكى «چەنخۇي» خەلقى ياخشى خۇيلۇق، ئەمما

(136) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1377; 《清實錄•穆宗實錄》卷279,〈同治九年三月下甲午〉, 第50冊, 1987:872a.

(137) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1325; 《清實錄•穆宗實錄》卷178,〈同治五年六月上丁酉〉, 第49冊, 1987:213a.

(138) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:1325, 1377.

(139) 《劉襄勤公奏稿》, 1968:842.

(140) 孟保, 〈官兵歼毙森巴取据各部落永不滋事甘結現已撤兵折〉 (道光二十二年十二月初七日), 吴丰培编, 《清代藏事奏牍》, 北京中国藏学出版社, 1994:230a.

(141) 魏源,《聖武記》(上、下冊)卷四, 北京:中華書局, 1984:170.

(142) 周偉洲, 〈新疆近代維吾爾族爲主的民族分布格局的形成和發展〉,《西域文史》第1 輯, 北京: 科學出版社, 2006:217-227.

(143) 《劉襄勤公奏稿》卷7, 1968:842.

(144) 《劉襄勤公奏稿》卷3, 1968:406.

قورقۇنچاق. ئىتائەتسىزلىك (無悖逆) قىلمايدۇ، ھېسسىياتچان كېلىدۇ[145]. جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى «چەنخۇي» خەلقى بولسا، خاراكتېرى قورقۇنچاق ۋە ئاجىز (怯弱) كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خىتاي مۇسۇلمان بەييەنخۇ (白彥虎) (مۇھەممەد ئەييۇب 1840-1882) نىڭ ئالدامچىلىقىغا قارشى چىقالمىغان[146]. خىتايلارنىڭ قارىشىچە، «چەنخۇي»، «خەنخۇي» ۋە (漢回) (خىتاي مۇسۇلمانلىرى) نىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە خۇي - مىجەزى (習氣) كۆپ ئوخشىماسلىققا ئىگە. «چەنخۇي» خەلقى ئاقكۆڭۈل ۋە دۇرۇس (樸誠) كېلىدۇ، «خەنخۇي» (漢回) (خىتاي مۇسۇلمانلىرى) لار ھىيلىگەردۇر. يۈز بەرگەن ئىسيانلار ۋە بالايى - ئاپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى خىتاي مۇسۇلمانلىرى پەيدا قىلغان[147]. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار پەقەت تۇڭگانلارنىڭ بېسىمى ۋە زۇلۇمىغا دۇچار بولۇپلا قالماستىن، ياقۇپ بەگ (1820-1877) ۋە «ئەنجانلىق» دەپ ئاتالغان ئۆزبېكلەرنىڭمۇ بېسىمى ۋە ئېزىشى ئاستىدا قالغان. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قورقۇنچاق ۋە ئاجىز (回性懦弱) بولغانلىقى ئۈچۈن قوقەندلىك (浩罕) (ئۆزبېكلەر) لەرگە قارشى تۇرالمىغان[148]. ياقۇپ بەگ شەرقىي تۈركىستاندىكى 10 يىللىق ھاكىمىيىتى جەريانىدا تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى قولغا كىرگۈزگەن ۋە شىمالدىكى «كېخۇي» (客回) (مېھمان مۇسۇلمانلار) دەپ ئاتىلىدىغان خىتاي مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە «چەنخۇي» خەلقىگە كۆپ ئەسكىلىك قىلىپ[149] پەۋقۇلئاددە زۇلۇم سالغان[150]. بۇ سەۋەبتىن زوزۇڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش جەريانىدا، «چەنخۇي» خەلقى مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى بولغان ياكى قوشۇلۇپ ياقۇپ بەگ ئارمىيەسىگە قارشى جەڭ قىلغان. زوزۇڭتاڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇپلىرىدا، «چەنتۇ» لار ئوردىغا چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چوڭلىرىغا ۋەزىپە بېرىشنى تەلەپ قىلغان[151]. مانجۇ ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى خىتايلارنىڭ

(145) 左宗棠,〈遵旨出示曉諭摺〉,《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:306-307.

(146) 左宗棠,〈進規新疆南路連復喀喇沙爾庫車兩城現指阿克蘇摺〉(光緒三年十月十四日),《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:699.

(147) 陶保廉, 《辛卯侍行記》卷6,《續修四庫全書》737〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社, 2002: 592b.

(148) 《清史稿》卷367〈長齡傳〉, 1977:11457.

(149) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:680, 646.

(150) 《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:623.

(151) 左宗棠,〈新疆纏回打仗出力請酌量奬敘並委署各城阿奇木伯克等職折〉 (光緒三年),《左宗棠全集•奏稿六》, 2009:743.

«چەنخۇي» خەلقى توغرىسىدىكى «ئاجىز خاراكتېرلىك» دېگەن قارىشى، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئەسەرلەردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ[152].

ئەمما، لىيۇجىنتاڭنىڭ يېڭىساردىكى ئابدۇللاھ ئىسيانىنى باستۇرۇش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك ئوردىغا يازغان مەكتۇپىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «چەنخۇي» لىرى «ئىت» ۋە «قوي» مىجەزلىك بولۇپ، جەسۇردۇر، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ھەممە نەرسىگە قەتئىيلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، ۋەھشىي ۋە نەپرەتكە لايىق خەلق» دېگەن ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ[153]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «چەنخۇي» لار ئىسيان قىلغاندا ئوخشىمىغان خاراكتېرلار بىلەن سۈپەتلەنگەن. 1772 – يىلى شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدە يېزىلغان «مۇسۇلمان زېمىنلىرىنىڭ تارىخى» (回疆志) ناملىق كىتابتا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى كەمسىتىلگەن. كىتابتا مۇنداق ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى گۇمانخور ۋە ئۆزگىرىشچان، قۇۋ ۋە ئالدامچى كېلىدۇ. ئىچىملىك ۋە جىنسىي تۇرمۇشقا بېرىلگەن، ئاچكۆز ۋە ھەددىدىن زىيادە بېخىلدۇر. ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، يالغانچىلىقتىن خىجىل بولمايدۇ. ئەر – خوتۇن، دادا – ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا پۇل ئايرىم تۇتۇلىدۇ ۋە ئىقتىساد قىلىنىدۇ. ھەتتا بىر دانە تەڭگە پۇلنى ئۆستەڭ ياكى كۆلگە چۈشۈرۈپ قويسا جەزمەن سۇنى بوشىتىپ تېپىشتىن يانمايدۇ. تەكەببۇر كېلىدۇ، ئۆزىنى بىلمەيدۇ، ھورۇن ، ئىشلەشتىن قاچىدۇ. ۋاقىت تاپسا كېچە – كۈندۈز ئۇخلاشنى تۇرمۇشتىن كەيپ چىقىرىش دەپ بىلىدۇ. ئۇلار قورقۇنچاق ۋە ئاجىز، كېلەچەكدىن قايغۇرمايدۇ. ئۇلار ھۈنەرنى بىلمەيدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىسكىلاتتا ساقلاشنى بىلمەيدۇ، بۇ سەۋەبتىن بىر – بىرىگە تايىنىپلا ياشايدۇ. ئەمما، سوغۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، خورلۇققا چىدايدۇ، سادىقتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ياۋاش ۋە ياخشى مىجەزىدۇر.[154] »

خىتايلارنىڭ «چەنتۇ» خەلقىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسۋىرلىرىدە، ئۆزلىرىدىن باشقىنى كۈچەپ چەتكە قاققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۇڭزى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى بىلەن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ سىياسىي مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە ئائىت بولغان كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئايرىمىچىلىق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئاڭ بەزى خىتايلار تەرىپىدىنمۇ تەنقىد قىلىنىدۇ. «چەنتۇ» خەلقى

(152) 宋文炳，《中國民族史》，上海：中華書局，1935：165.

(153) 劉錦棠，〈辨結纏回阿不拉等糾眾謀亂片〉，《刘襄勤公(毅斎)奏稿》卷3〈光緒八年四月初二〉， 臺北：文海出版社，1968：374.

(154) 永貴、固世衡原撰，蘇爾德增撰，《回疆志》，臺北：成文出版社，1968：64–65.

ئۇستىدە شەخسەن ئۆزى كۆزىتىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان تاۋ باۋلىيەن (陶保廉) (1862-1938) مۇنداق يازىدۇ: «خىتايلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بىر كۈندە پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا نەپرەت، كىچىك ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ تەسىرىدە چوڭىيىپ پەيدا بولغان. ئادىللىق بىلەن دېيىلگەندە، ھەر ئىككى تەرەپتە خاتالىق بار. خىتايلار مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن ۋە ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان خەلقلەرنى (異種) يامان كۆرۈش ۋە يامان كۆرسىتىشتىن ئۇزاق تۇرۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئارىدىكى چىقىشالماسلىقنى يوقىتىشقا كۈچ چىقىرالىشى مۇمكىن. خىتايلار ئادىل ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئەمما بەزىدە نادان كىشىلەر پات – پات ئۆزىنىڭ ‹خىتاي› بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، باشقىلارنى يامان كۆرىدۇ[155]. »

«مۇسۇلمان زېمىنلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابتا، «چەنتۇ» لارنىڭ خاراكتېرى، مىجەزىدىن باشقا چىراي – شەكلى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئومۇمەن ئۇلار قاڭشارلىق، ئەگمە قاش، ئورا كۆز ۋە كۆزى چوڭ كېلىدۇ. بومبا ساقال، يۈز تېرىسى يىرىك، چوڭ چىراي كۆرۈنىدۇ، ئۇستىخانلىق ۋە كۈچلۈك كېلىدۇ[156].»

1910 – يىلدىن 1912 – يىللىرى ئارىسىدا مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كەڭسۇ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى بولغان يۈەن داخۇا (袁大化) (1851-1935) يازدۇرغان «شىنجاڭ تارىخى» (新疆圖志) ناملىق كىتابتا، شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلەرنىڭ تېپلىرى (人類) نىڭ پەۋقۇلئاددە خىلمۇ خىل ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا «چەنخۇي» لاردىن باشقا موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋە تۇڭگانغا ئوخشاش ئۇرۇق (種)- ئىرقلار بار[157]. زوزۇڭتاڭ «چەنخۇي» خەلقىنىڭ مۇسۇلمان ئىرقىتىن (回族種類) ئىكەنلىكىنى[158] ۋە مۇسۇلمان ئىرقىنىڭ بىر تۈرى (種人) ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[159]. لىيۇ جىنتاڭ خىتايچىدىكى «مۇسۇلمان مىللەت تۈرلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان

(155) 陶保廉, 《辛卯侍行記》卷4,《續修四庫全書》737〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社, 2002: 551a.

(156) 永貴、固世衡,《回疆志》卷二〈風俗〉, 臺北: 成文出版社, 1968:62; 蘇爾德, 《新疆回部志》(吳豐培校訂) 卷二〈風俗第八〉,1990:27.

(157) 袁大化,《新疆圖志》(一)卷48〈禮俗一〉, 苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第1卷, 北京: 線裝書局, 2006:445a.

(158) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:523.

(159) 《左宗棠全集•奏稿七》, 2009:243.

«زۇلېي» (族類) سۆزىنى قوللانغان(160). تارىختا خىتايلاردا مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە (كۈڭزى ئىدىيەسى) گە ئاساسەن مەسىلىنى ئانالىز قىلىش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ياۋروپادا پەيدا بولغان «مىللەت» ئۇقۇمى ئۇ چاغلاردا خىتاي لۇغىتىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن «چەنخۇي» لارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق بىلىشى ناتايىن ئىدى. يۈەن داخۇا يازدۇرغان كىتابتا، «چەنخۇي» خەلقىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 – يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 9 - يىللار) غەربىي دىياردىكى شەھەر دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ھەر خىل كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق يېزىلىدۇ: «قاڭشارلىق، ئورا كۆز، ساقال – بۇرۇتلىرى قويۇق بولۇپ، ياۋروپا ئاراللىرىدىكى (泰西) خەلقلەرنىڭ چىراي – شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشمايدىغان تەرىپى كۆز قارىچۇقى (眸子) قارا رەڭلىك كېلىدۇ(161).»

1891 – يىلى دادىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋالىيلىقى (新疆巡抚) غا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان تاۋ باۋلىيەن كېلەر – كەلمەيلا رايون خەلقىنىڭ چىراي – شەكلىنىڭ بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇلدىكى «چەنخۇي» لار قاڭشارلىق ۋە ئورا كۆز (深目高鼻) كېلىدىغان بولۇپ، ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭچە، ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تارىختىكى ئۇيغۇرلار (回鶻) نىڭ كىيىم - كېچىكىگە ئوخشايتتى، ياۋروپالىقلار بۇلارنى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. «چەنخۇي» لارنى ياۋروپالىقلارغا ئوخشمايدىغان قىلغىنى كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ قارا بولۇشىدۇر(162). 12 – ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن خوڭ خاۋ (洪皓) (1088-1155) ئۇيغۇرلارنىڭ ئورا كۆز ۋە قويۇق ساقاللىق كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ(163). قەدىمكى خىتاي مەنبەلىرىدىكى «ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق» دېگەندەك سۈپەتلەر تۇرپاندىن سەمەرقەندكىچە بولغان ئىران ياكى ھىند – گېرمان تىپىدىكى ئىنسانلارغا بېرىلگەن تەبىر ئىدى(164) . مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى (1871-1908)

(160) 劉錦棠,〈新疆命盗案件請暫行變通辦理折〉,《刘襄勤公(毅斋)奏稿》卷2〈光緒七年四月初十〉, 臺北:文海出版社, 1968:220.

(161) 袁大化,《新疆圖志》(一)卷48〈禮俗一〉, 苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第1卷, 北京: 線裝書局, 2006:447a.

(162) 陶保廉, 《辛卯侍行記》卷6,《續修四庫全書》737〈史部•地理類〉, 上海:上海古籍出版社, 2002: 594b.

(163) 洪皓, 《松漠紀聞》(學津討原叢書第六集), 虞山:張氏照曠閣, 清嘉慶10年(1805), 頁5b.

(164) 李延壽,《北史》卷97〈于闐傳〉, 北京: 中華書局, 1974:3209; 魏徵,《隋書》卷83〈

نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەزى جايلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن بىر ئەسەردىمۇ «يەرلىك خەلق (土著) مۇسۇلمان ئىرقى (ئۇرۇق) غا تەۋە. ھەممىسى ئورا كۆز، قاڭشارلىق ۋە بومبا ساقال كېلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنىدۇ.[165] خىتايلار بەزىدە «چەنتۇ» لارنى ئەرەبلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. 1908 – يىلىغا ئائىت بەزى تارىخىي مەنبەلەردە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى «چەنخۈي» لارنىڭ ئەرەبلەر بىلەن قانداش ياكى ئەرەب نەسلىلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ[166]. تۇرپان رايونىدىكى «چەنخۈي» لار بولسا، «خۈيخې» (ئۇيغۇر) لاردىن كەلگەن ۋە «مەككە» (天方) دىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئەمەس دەپ قارىلىدۇ[167]. بۇ تارىخىي ھۆججەتلەردە، رايون خەلقىنىڭ يىلتىزىنى ۋە ئىرقىي تەۋەلىكىنى بىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكى، بۇ توغرىدا مۇھىم تەتقىقاتلارنىڭ قىلىنىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلىدۇ[168]. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە، «چەنتۇ» لار ئانادولۇ تۈركلىرىگىمۇ ئوخشىتىلىدۇ. خىتاي تەتقىقاتچىسى دۇ چوڭيۈەن (杜重遠) ئەسىرىدە: «بۇلار ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق كېلىدۇ، تۈركلەرگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ، ئاڭلىغىنىمىزدەك يىلتىزى بىر بولۇشى مۇمكىن» دەپ يازىدۇ[169]. «چەنخۈي» لارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تارىخىي ئەسەردە، «بۇلار تۈركلەر (土耳其) گە ئوخشايدۇ، بىر قاراشتا ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق كېلىدۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆز ئەينىسى. پەقەت ئوخشىمايدىغان تەرىپى كۆز قارىچۇقى ۋە چېچى قارا» دەپ زىكىر قىلىنىدۇ[170]. بۈگۈنكى ئېتنوگرافىيەلىك تەتقىقاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللۇئىد خەلقلەر بىلەن

康國傳〉，北京：中華書局，1973：1848； 魏收，《魏書》卷102〈于闐國傳〉，北京：中華書局，1974：2263；《舊唐書》卷198〈康國傳〉，北京：中華書局，1975：5310. 王國維，〈西胡考〉上，〈西胡考〉下，〈西胡續考〉，《王觀堂先生全集・觀堂集林》卷13，臺北：文華出版公司出版，1968：588-602.

(165) 潘宗岳，《溫宿縣分防柯坪鄉土志》，中國西北文獻叢書編輯委員會編，《中國西北文獻叢書》第1輯《西北稀見方志文獻》第61卷，蘭州：古籍書店，1990：339.

(166) 佚名，《溫宿府鄉土志•人類》，中國西北文獻叢書編輯委員會編，《中國西北文獻叢書》第1輯《西北稀見方志文獻》第61卷，蘭州：古籍書店，1990：45；蔣光陛，《疏勒府鄉土志•人類》，中國西北文獻叢書編輯委員會編，《中國西北文獻叢書》第1輯《西北稀見方志文獻》第61卷，蘭州：古籍書店，1990：58.

(167) 袁大化，《新疆圖志》(一) 卷17〈蕃部〉，苗普生主编，《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第1卷，北京：線裝書局，2006：198b.

(168) 佚名，《焉耆府鄉土志•人類》，中國西北文獻叢書編輯委員會編，《中國西北文獻叢書》第1輯《西北稀見方志文獻》第61卷，蘭州：古籍書店，1990：34

(169) 杜重遠，《杜重遠文集》(杜毅、杜穎編注)，上海：文匯出版社，1990：277.

(170) 孫翰文，〈新疆回族之鳥瞰〉，《新亞細亞》12卷1期，1936年，見甘肅省圖書館書目參考部編印，《西北民族宗教史料文摘》(新疆分冊)下冊，蘭州：甘肅省圖書館出版，1985：517.

ھىندى – ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە[171]. تارىخىي ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇيغۇرلار (回紇人) نىڭ ئورا كۆز ۋە قاڭشارلىق كېلىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[172].



ختاي ۋە رۇسىيەگە قاراشلىق چەنتۇ (ئۇيغۇر) لارنىڭ سودا ئىشلىرى كېلىشىمى
中俄議定兩屬纏頭商民事宜
(تارباغاتاي، 1883- يىلى 4- ئاپرېل)

مانجۇ ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە (1644 - 1911) «چەنتۇ»، «چەنخۇي» ۋە «چەنمىن» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان خەلقلەرنىڭ يېزىق تىلى «خۇيۋېن» (Hui-wen) ياكى «خۇيزى» (回字)، يەنى «مۇسۇلمان يېزىقى» دەپ ئاتالغان. كۆرسىتىلگەن مىساللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىق شەرقىي تۈركىستان «چاغاتاي يېزىقى» دۇر. 1883 – يىلى 4 – ئاپرېل مانجۇ ئىمپېرىيەسى بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرىدا كۆرۈلگەن ئۆزئارا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تارباغاتايدا «ختاي ۋە رۇسىيەگە قاراشلىق ‹چەنتۇ› لارنىڭ سودا كېلىشىمى» (中俄議定兩屬纏頭商民事宜) ئىمزالانغان. ختاي ۋەكىلى لىيۇ كۇەن (劉寬) ۋە چاررۇسىيە ۋەكىلى ن. ن بالكاشىن (N. N. Balkaşin) ئىمزالىغان بەش ماددىلىق كېلىشىمدە، «ختاي مۇسۇلمانلىرى» دېگەن سۆز «ختاي چەنتۇلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مانجۇ ئىمپېرىيەسىدىكى زىيالىيلار شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەلىك يېزىقى (回字) نى قۇش پۈتىنىڭ ئىزى (

(171) 劉甯，〈新疆地區古代居民的人種結構研究・內容提要〉，吉林大學考古學及博物館學博士論文（導師朱泓），2010年；艾瓊華、肖輝、趙建新等，〈維吾爾族的體質特徵研究〉，《人類學學報》第12卷第4期（1993年11月），頁357 -365；俞民澍、邱信芳等，〈中國漢族、維吾爾族、哈薩克族和回族群體線粒體DNA多態性的研究〉，《中國科學B輯》1988年第1期， 頁60-70； 張咸甯、劉宇剛等，〈新疆維吾爾族、哈薩克族人群HLA-DQA1、-DQB1兩基因座多態性的研究及與25個種族或民族的比較分析〉，《遺傳學報》1998年第25卷第3期，頁193-198；崔靜、王博、邵興周，〈新疆出土近代維吾爾族顱骨的初步研究〉，《新疆師範大學學報》第20卷第3期 （1999年7月），頁103-111；劉寧，〈回鶻人種考〉，《邊疆考古研究》第5輯，北京：科學出版社，2002:276-282.

(172) 林幹，《中國古代北方民族通論》，呼和浩特:內蒙古人民出版社，1998:74.

鳥跡) غا ۋە قۇمچاق (蝌蚪) قا ئوخشاتقان[173].

ياقۇپبەگ (1820 – 1877) دەۋرىدە يېزىلغان خىتاي مەنبەلىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندىن چاررۇسىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستانغا كۆچكەن ياكى چېگرا شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە غەربىي تۈركىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلار «فۇ ئې چەنخۇي» (رۇسلارغا قارام بولغان چەنخۇيلار) (附俄纏回) ياكى «ئې چەنتۇ» (رۇسىيە چەنتۇلىرى) (俄纏頭) دەپ ئاتالغان[174]. ئەمما، 1924 – يىلدىن كېيىن، ئۆزبېك دەپ ئاتىلىشى كېرەك بولغان غەربىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار «چەنخۇي» «سەللىلىك مۇسۇلمانلار) ۋەياكى «چەنمىن» (سەللىلىك خەلق) دەپ ئاتالغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمرانلار رۇسىيەگە قاراشلىق «چەنخۇي» لارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى «چەنخۇي» لار بىلەن بىر ئىرق ، دەپ قارايدۇ[175] . بۇ سەۋەبتىن بەزى خىتاي تەتقىقاتچىلىرى قوقەندلىك ياقۇپبەگنى شەرقىي تۈركىستانلىق «چەنخۇي» لارنىڭ رەھبىرى دەپ يازغان[176]. خىتاي مەنبەلىرىنىڭ بەزىلىرىدە غەربىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، ئەنجانلىق مۇسۇلمانلار «ئەنجانلىق چەنمىنلەر» دېيىلگەن[177]. 1903 – يىلى 2 – ئاپرېل چاررۇسىيەنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان سودا ئىمتىيازلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىك ئۇلتىماتۇمدا «تاشكەنت چەنخۇي» (塔什干纏回) ۋە «قوقەنت چەنخۇي» (浩罕纏回) دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ[178].

1911 – 1912 – يىللىرى ئارىسىدا مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋالىيسى بولغان يۈەن داخۇا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك يازدۇرغان كىتابتا، شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرالىنىدىغان رۇسىيەنىڭ تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار

(173) 七十一椿園,《西域聞見録》(畑道雲校) 卷7, 江戸: 千鐘房, 寛政13年 [1801], 頁15b. 馮家昇、程溯洛、穆廣文合編,《維吾爾族史料簡編》(下) 【中國民族問題研究叢刊第二輯】, 北京: 中央民族學院研究部, 1956: 268-270.

(174) 劉錦棠,《劉襄勤公奏稿》, 1968: 521;《劉襄勤公奏稿》, 1968: 966.

(175) 袁大化,《新疆圖志》(二) 卷106 〈奏議16〉, 苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第2卷, 北京: 線裝書局, 2006: 485a.

(176) 羅剛, 《中華民國國父實錄》第1册, 臺北: 財團法人羅剛先生三民主義奨學金基金會, 1988: 47.

(177) 袁大化,《新疆圖志》(二) 卷106 〈奏議16〉, 苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第2卷, 北京: 線裝書局, 2006: 483b.

(178) 周偉洲, 《西北民族史研究》, 鄭州: 中州古籍出版社, 1994: 297.

«رۇسيه چەنتۇلرى» (俄國纏頭) دەپ ئاتالغان بولۇپ، شەرقي تۈركستاندكى «چەنلەر» (سەلللكلەر)، تۇڭگانلار ۋە قازاقلار بلەن ئوخشاش دنني ئېتقادقا ئگە. ئۇلارنڭ تل، كيم – كېچەك، يېمەك – ئچمەك ۋە باشقا بارلق ئۆرپ – ئادەتلردە پەرق يوق، دەپ قەيت قلنندۇ[179].

1912 – يلدن 1928 – يلغچە شەرقي تۈركستانغا هۆكۈمرانلق قلغان گېنېرال ۋالي ياڭ زېڭشن(杨增新) (1864-1928) دەۋردە شەرقي تۈركستاندكى مۇسۇلمانلار «مۇسۇلمان خەلق» (回民 ) دېيلگەندن باشقا، ئزچل تۈردە «چەنمن» (سەلللك خەلق) (纏民) ياكى «خۇيچەن» (مۇسۇلمان سەلللكلەر) (回纏) دەپ ئاتالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئومۇمەن «شەرقي تۈركستاننڭ يەرلك ئگلرى» ( 土著之纏回) دەپ ئاتالغان[180]. ياڭ زېڭشن 1919 – يلى 21 – مارت مەركزي هۆكۈمەتكە يازغان مەكتۇپدا، شنجاڭ خەلقننڭ كۆپنچسننڭ «خۇيچەن» (回缠) لەردن تەشكل تاپدىغانلقنى ئەسكەرتدۇ[181]. ئۇنڭ قارشچە، «شنجاڭ» دىكى تەنها، ئەڭ چەت ۋە بر بۇلۇڭدا ياشايدىغان (孤懸絕城) خەلق ئنتاين مۇرەككەپ. موڭغۇللار، قازاقلار، تۇڭگانلار ۋە «چەن» لەر رايون نوپۇسننڭ 19% - 18 نى تەشكل قلدىغان بولۇپ، ختايلارنڭ نوپۇسى بولسا 10 دىن برىگمۇ يەتمەيدۇ[182]. ئۇ پۈتۈن شەرقي تۈركستاندا 2 مليون 100 مڭ نوپۇس بار، ختايلار 1% گە يەتمەيدۇ، ئۇلارنڭ كۆپنچسى« ماڭنۇرلار» (流寓) بولۇپ، ئولتۇراقلاشقانلار ناهايتى ئاز[183]، «خۇيچەن» لەرنڭ نوپۇسى 97% – 96 ئەتراپدا[184] ، دەپ مەلۇمات يوللايدۇ. شۇڭا ئۇنڭچە، رايون نوپۇسننڭ 99% نى ئگلەيدىغان موڭغۇل، قازاق ۋە «خۇيچەن» لەرنڭ كۆڭلنى ئۇتماي تۇرۇپ، نوپۇسى 1% گە يەتمەيدىغان ختاي نوپۇسى بلەن 99% «رايون خەلقى»

(179) 袁大化,《新疆圖志》(一)卷56 〈交涉4〉,苗普生主編,《中國西北文獻叢書二編•西北稀見方志文獻》第1輯第2卷, 北京: 線裝書局, 2006:515.

(180) 王學曾,〈補過齋文牘序〉, 楊增新, 《補過齋文牘》, 臺北: 文海出版社, 1965:15.

(181) 中央研究院近代史研究所編, 《中俄關係史料: 新疆邊防》 (中華民國六年至八年), 臺北:精華印書館股份有限公司, 1961:184.

(182) 楊增新, 〈呈明塔城駐防參用蒙哈軍隊文〉,《補過齋文牘》癸集三, 臺北:文海出版社, 1965:3226.

(183) 楊增新, 〈呈明新疆情形特別請量予變通列為特別省治文〉, 楊增新,《補過齋文牘》甲集下, 臺北: 文海出版社, 1965:187.

(184) 楊增新, 〈電呈新疆回隊用命情形文〉,《補過齋文牘》甲集上, 臺北: 文海出版社, 1965:48.

(مىنزۇ) (民族) نى باشقۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ھېسابلىناتتى(185) . خىتايلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولۇشى بىلەن بىرگە، موڭغۇللار مانجۇ ئىمپېرىيەسىدىن قالغان قانۇنىي ھەق – ھوقۇقلىرى سەۋەبلىك باج تاپشۇرمايتتى. شۇڭلاشقا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن مىللىي كىرىمىنى «خۇيچەن» لەر ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى(186). ياڭ زېڭشىن خىتاي ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپلا «چەنخۇي» لارنى بوزەك قىلىپ، زۇلۇم (鱼肉) سېلىشۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ(187). ئۇنىڭ قارىشىچە، رايوندا پەقەت «چەنخۇي» لارغىلا ئەمەس، بەلكى قازاقلارغىمۇ زۇلۇم قىلىنغان ئىدى(188). ياڭ زېڭشىن مەكتۇپىدا: «شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن خىتايلار ‹چەنخۇي› لارنىڭ يىلىگىنى شورىماقتا، تېرىسىنى سويۇپ، پەيلىرىنى ئۈزۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ، مېڭىسىدىن تۇرشۇ ياسىماقتا» دەپ يازىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى «خۇيچەن» لەر خىتايلاردىن چوڭقۇر نەپرەتلىنەتتى، موڭغۇللار بىلەن قازاقلارمۇ خىتايلارغا نەپرەت بىلەن قارايتتى(189). شۇڭا ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى ئۇزۇن مۇددەت قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت (種族) تىن پايدىلىنىش كېرەك(190) ۋە مەلۇم سەۋىيەدە ھەق – ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ(191). ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىدا ئوخشىمىغان خەلقلەرنى قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «خۇيچەنلەر (مۇسۇلمان سەللىلىكلەر) گە قارىغاندا موڭغۇللار بىلەن قازاقلارنى باشقۇرۇش ئاسان. خىتايلارغا قارىغاندا خۇيچەنلەرنى باشقۇرۇش تېخىمۇ ئاسان(192) .» ئۇنىڭ باشقۇرۇش تاكتىكىسى خىتايلارنى

(185) 楊增新,〈電複喀什鄂道尹擄報旅俄華纏聚眾演說情形文〉,《補過齋文牘續編》卷13〈令文編上〉, 1926:28. 載楊建新主編,《中國西北文獻從書續編》, 蘭州: 甘肅文化出版社1999年.

(186) 楊增新,〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉,《補過齋文牘》甲集下, 1965:260.

(187) 楊增新,〈電楊鎮守使俄人煽誘華纏急宜改良政治文〉,《補過齋文牘續編》卷十三〈令文編上〉, 1926年, 頁 28.

(188) 楊增新, 〈呈整頓新疆吏治情形文〉, 楊增新, 《補過齋文牘》甲集上, 臺北: 文海出版社, 1965:75; 楊增新, 〈呈報阿爾泰哈薩差瑤繁重業經切實裁禁文〉, 《補過齋文牘》甲集上, 1965:107; 楊增新, 〈指令塔城知事涂貢球稟報抵任後情形文〉,《補過斎文牘》辛集3, 1965:2663.

(189) 楊增新,〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉,《補過齋文牘》甲集下, 1965:260-261.

(190) 楊增新,〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉,《補過齋文牘》甲集下, 1965:260.

(191) 楊增新,〈諮复財政部新棍向未徵收雜稅文〉, 楊增新,《補過齋文牘三編》卷1〈呈咨文〉, 1934:44-45. 載楊建新主編,《中國西北文獻從書續編》, 蘭州: 甘肅文化出版社1999年.

(192) 楊增新,〈指令塔城知事涂貢球稟報抵任後情形文〉,《補過斎文牘》辛集3, 1965:2663.

«خۇيچەن» لەر بىلەن تەڭشەش، «خۇيچەن» لەرنى بولسا، خىتايلار بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش بولغان(193).

ياڭ زېڭشىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنى بىر ئۇلۇس (nation) قا ئايلاندۇرۇش غايىسمۇ بار ئىدى. ئۇ 1919 – يىلى 29 – سېنتەبىر بېيجىڭ ھۆكۈمىتى (1912-1928) گە يازغان مەكتۇپىدا: «خىتايدا خىتايلار، مانجۇلار، موڭغۇللار، مۇسۇلمانلار ۋە تىبەتلەرنىڭ بىر ئائىلە ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، شىنجاڭدا خىتايلار، موڭغۇللار، قازاقلار، تۇڭگانلار ۋە چەن قاتارلىق بەش مىللەتمۇ بىر ئائىلە ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ ۋە رايوندا تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن


收新疆巡按使咨陳四年十一月十九日
為咨陳事案查疏附縣屬小阿圖什莊纏民聘請土
耳其人充當阿洪教習一案業于本年十月四日咨
陳在案茲據喀什道尹常永慶詳復稱民國四年八
月十四日案奉鈞府飭知准
外交部電開俄使稱喀什回教徒在喀城附近設立
學堂多處聘土耳其人充當教習懸掛土國國旗等
語飭速查禁等因並將部詢各節詳復以憑轉咨一
案秪奉之下比傳疏附縣蕭知事鑒章到署出示鈞
函飭即特函遵照查辦去後旋據詳復內稱遵查此
案前奉飭令土耳其加入歐洲戰團所有該國在新
人民應由東路解送出境等因當經訪查得縣屬小
阿圖什莊有土人充當教習飭經鄉約於七月五日
傳送到縣詢據聲稱名艾買提孫土耳其人民國三
年三月到喀即經小阿圖什莊戶民延請教授經典
醫學算學當即諭以歐洲戰事我國中立凡屬旅中
土民現奉飭令由東路回國應即起解該土民以取
道東路必經南洋英國屬地恐遭不測懇請暫緩起
解等語知事以該土民前以祭教經典等學自誇致
鄉民為其所惑現若行往自由恐有煽惑情事比經
伺明憲台令在魯獄官署大學之側廂房內暫居可
否取保曾經具詳請示在案並以該土民在小阿圖

تۈركىيەدىن كەلگەن ئەھمەت كەمال ئىلقۇلنىڭ ئاتۇشتا تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشىغا دائىر ئۇقتۇرۇش (1915- يىل 25- دېكابىر)

تىرىشۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ، بۇ خەلقلەرگە يات ۋە دىنىي باشقا دېمەي ئوخشاش قاراۋاتقانلىقىنى؛ رايوندا ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋە ئايرىمىچىلىق قىلماسلىققا غەيرەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ(194). ياڭ زېڭشىننىڭ كاللىسىدا زامانىۋى مىللەت (nation) ئۇقۇمى يوق بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنى، «خەلق» (民) ۋە «ئىرق » (族) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ «مىنزۇ» (民族) دەپ ئاتايدۇ. خىتاي تارىخىي ھۆججەتلىرىدىمۇ بۇ سۆز ئۇچرايدۇ، ئەمما بۇگۈنكى «مىللەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيتتى(195). كۆپىنچە «خەلق» ۋە «ئۇرۇق» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىرلەشمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇللار، قازاقلار ۋە خىتايلارغا ئوخشىمايدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇ: «چەنمىنلەر ئاقكۆڭۈل ۋە دۇرۇس

(193) 楊增新,〈電呈新疆回隊用命情形文〉,《補過齋文牘》甲集上, 1965:57.

(194) 中央研究院近代史研究所編, 《中俄關係史料: 新疆邊防》 (中華民國六年至八年), 臺北:精華印書館股份有限公司, 1961:290.

(195) 郝時遠,〈中文「民族」一詞源流考辨〉,《民族研究》2004年第6期, 頁60-69; 龔永輝,〈中國本土民族概念的傳統考略〉, 《民族研究》2011年第6期, 頁1-12.

كېلىدۇ، رايوندىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدۇ»[196] دەيدۇ. ئۇ «خۇيچەن» لەرنى قۇرۇقلۇق ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ياكى ئوقۇتماسلىق توغرىسىدا يازغان مەكتۇپىدا: «خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا خۇيچەنلەرنىڭ خۇيى، خاراكتېرى، دىنى، ئىرقى ۋە تىلى ئوخشىمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[197]. ئەمما، ئۇ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇ بۇ توغرىدا: «چەنزۇلار (سەللىلىك چەنلەر) ئۆرپ – ئادەت ۋە دىنىي – ئېتىقاد جەھەتتە تۈركىيە تۈركلىرى (土人) گە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق[198]» دەپ يازىدۇ. يەنە بىر مەكتۇپىدا بولسا، شەرقىي تۈركىستان «چەنمىن» لىرىنىڭ تۈركىيەلىكلەر ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن «دىنداش» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ[199]. ياڭ زېڭشىن بەزىدە ئوسمانلى تۈركلىرىنى «چەت ئەللىك خۇيچەن» (外國回纏) لەر دەپ قارايدۇ[200]. ئۇ زەئىپلەشكەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان سىياسىي ۋە دىنىي تەسىرىگە ھەر دائىم دىققەت قىلىپ تۇرغان[201]. ئۇ 1919 – يىلى 6 – نويابىر بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇپىدا، شەرقىي تۈركىستانلىق «خۇيچەن» لەرنىڭ تۈركىيەلىكلەرنىڭ دىنىدىن زەھەرلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[202]. ئۇ بۇ ئەندىشىسىنى 1918 – يىلى 4 – فېۋرال بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇپىدىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ تاشكەنت ۋە ئەنجان مۇسۇلمانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى «خۇيچەن» لەرنى تۈركىيە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەندە، خىتاينىڭ مىڭلارچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئىنساندەك مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى زىكىر قىلغان. ئۇ شىنجاڭنى مانجۇ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تارتىپ ھېچقانداق مۇسۇلمان باشقۇرغۇچىنىڭ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «ھازىر

(196) 楊增新，〈指令署綏來縣知事俞勃英陳抵任後困難情形文〉，《補過斎文牘》辛集3，1965:2696.

(197) 楊增新，〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉，《補過齋文牘》甲集下，1965:259.

(198) 楊增新，〈訓令喀什朱道尹查禁纏民艾買提等設立道堂文〉，《補過斎文牘》辛集3，1965:2693.


(199) 中央研究院近代史研究所編，《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），臺北:精華印書館股份有限公司，1961:102.

(200) 《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），1961:15.

(201) 《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），1961:5，98，103.

(202) 《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），1961:293.

رۇسىيە چوڭ مالىمانچىلىق ئىچىدە، خىتايمۇ قالايمىقانچىلىقتا. ئەگەر شىنجاڭدىكى خۇيچەنلەر بىلەن رۇسىيەدىكى خۇيچەنلەر بىرلىشۋالسا رايوندا غەلىبە قىلىدۇ ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققە ئېرىشىدۇ» دەپ يازىدۇ[203]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوسمانلى تۈركلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار ئوخشاش دىنىي كىملىككە ۋە ئوخشاش ئىرققا ئىگە دەپ قارالغان. ياڭ زېڭشىن جەنۇبىي شىنجاڭنى «خۇيجياڭ» دەپ ئاتايدۇ، ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە «شەرقىي تۈركىستان» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ رايون رۇسىيەگە قاراشلىق تاشكەنت، يەنى غەربىي تۈركىستانغا قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭچە، ئىككى تەرەپتىكى خەلق ئىرق ۋە دىنىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى[204]. بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار ياڭ زېڭشىننىڭ 1919 - يىلى 4 - مارت مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چەككەن تېلېگراممىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ تېلېگراممىدا، غەربىي تۈركىستانغا


收新疆省長電 八年十一月二十八日
竊增新於啟日致喀什阿克蘇兩道尹一電其文曰
喀什朱道尹阿劉道尹鑒朱道尹養電悉朱道尹鹽
發覺有中民潛入邊卡形迹可疑之俄國纏兵交核
實提問有一名在喀安置既多不便若令由原路出
卡又恐竄擾俄軍處實應往解至省城轉解由塔城
出境惟沿途之武愚派兵差安為護解不得任聽該
俄纏兵與中國纏民狂來交接以防隔結瑞滋又盤
獲入卡俄兵土耳其一名據稱係伊犁人應即交疏
附縣收押查訊不得聽其自由出入望即轉飭所屬
照辦又據朱道尹電稱盤獲由俄入卡之中民又貫
提一名攜有槍枝子彈供稱在俄國當兵形迹亦有
可疑應一併交疏附縣收押查訊具報暫軍楊增新
敬印等語除電陳明伏祈鑒核新疆省長兼暫軍楊
增新敬

رۇسىيەدىكى چەن (سەللىكلىرى) ئەسكىرىنىڭ خىتايدىكى چەنلەر (سەللىلىكلەر) نىڭ قىياپىتىدە چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتكەنلىكىگە دائىر تېلېگىراما. (1920 - يىلى 18 - يانۋار)

تاشكەنت، شەرقىي تۈركىستانغا قەشقەر ۋەكىللىك قىلاتتى[205]. ياڭ زېڭشىننىڭ نەزىرىدە، بۇخارا مۇسۇلمانلىرى «چەنزۇ» (纏族) لارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ[206]، شەرقىي تۈركىستاندا موڭغۇللار، قازاقلار، تۇڭگانلار ۋە چەنلەر ياشىغىنىدەك، رۇسىيەدىمۇ موڭغۇللار، قازاقلار، تۇڭگانلار ۋە چەنلەر ياشايتتى[207]. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېلېگراممىدا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان

(203) 中央研究院近代史研究所編，《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），臺北:精華印書館股份有限公司，1961:14.

(204) 楊增新，〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉，《補過齋文牘》甲集下，1965:262.

(205) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，台北：中央研究院近代史研究所，1961:177.

(206) 中央研究院近代史研究所編，《中俄關係史料：新疆邊防》（中華民國六年至八年），臺北:精華印書館股份有限公司，1961:57.

(207) 楊增新，〈呈明新疆招用回隊理由文〉，《補過齋文牘》甲集上，1965:34.

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىك، تىل – يېزىق ۋە دىنىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ياڭ زېڭشىن رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شىنجاڭدىكى «خۇيچەن» لەرنى ئىسيان چىقىرىشقا كۈشكۈرتەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[208]. ياڭ زېڭشىنىنىڭ 1919 – يىلى 5 – نويابىر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يازغان مەكتۇپىدا، رۇسىيە تەۋەسىدىكى تاشكەنت «خۇيچەن» لىرىنىڭ قوزغىلىپ رۇسلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[209]. ئۇنىڭ 1920 – يىلى 21 – يانۋار يازغان جاۋاب مەكتۇپىدا، بولشېۋىكلارنىڭ غەربىي تۈركىستاندا رۇسىيەلىك «چەنلەر » (俄纏) گە ياكى «چەنزۇ» (纏族) لارغا زۇلۇم سېلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى؛ بۇ توقۇنۇشلارغا تولغان ئەھۋالنىڭ خىتاي «چەنمىن» لىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[210]. 1919 – يىلى 14 – ئۆكتەبىردە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇپىدىمۇ، رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان ئەنجان ۋە تاشكەنت «چەنمىن» لىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەندىشە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى «چەن» لەر، تۇڭگانلار، قىرغىزلار ۋە قازاقلار ۋەتىنىنى ياخشى كۆرسىمۇ دىنىي ئالاقىلىرى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىش مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ[211]. ياڭ زېڭشىنىنىڭ 1920 – يىلى 15 – نويابىر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چەككەن تېلېگراممىسىدا، «ھازىر رۇسلار رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ‹چەن› (俄屬纏) ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى» دەيدۇ ۋە بولشېۋىكلار ئىلگىرى سۈرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىق پىكرىنىڭ دۆلەت چېگراسى تونۇمايدىغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قارىشىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %80 ى ياكى %90 نى ئىگىلەيدىغان خەلقنىڭ رۇسىيەنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن قۇدا – باجىلىق ۋە ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بار بولۇشتىن باشقا، ئۆزئارا ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇق. كېيىنچە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغاندا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن

(208) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，台北：中央研究院近代史研究所，1961:177.

(209) 楊增新，〈電呈陸軍學生不宜遣派來新並請痛裁軍隊以遏亂源文〉，《補過齋文牘》甲集下，1965:261.

(210) 楊增新，〈復朱道尹稟報俄新舊黨戰事情形函〉，《補過齋文牘》癸集七，1965:3610.

(211) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:282.

بەلكى يەنە چوڭ خەتەر پەيدا قىلىدۇ[212]. ياڭ زېڭشىن رۇسىيە «چەن» (俄纏) لىرى خىتاي «چەن» (華纏) لىرى بىلەن مەخپىي بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان «شىنجاڭ چەنمىن» لىرىنىڭ رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىكىنى[213] قەيت قىلىدۇ ۋە بۇلارنى رۇسىيە «چەن» لىرى دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، غەربىي تۈركىستاندىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى خىتاي «چەنمىن» لىرى دەپ ئاتايدۇ[214]. بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن غەربىي تۈركىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچكەن رۇسىيە تۇڭگانلىرى (俄回) ۋە رۇسىيە قازاقلىرى قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن ئىدى[215]. ياڭ زېڭشىننىڭ 1919 – يىلى 8 – ئاۋغۇست بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇبىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچكەن خەلقلەر قازاق، نوغاي (تاتار) (老乃夷)، رۇسىيە تۇڭگانلىرى ۋە رۇسىيە «چەن» (俄纏) لىرىدىن تەشكىل تاپاتتى[216]. ئۇنىڭ 1919 – يىلى 12 – سېنتەبىر يازغان مەكتۇپىدا: « بۇ كۆچمەنلەر رۇس ئىرقىغا تەۋە ئەمەس، بۇلار مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئىلى رايونىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن رۇسىيە تەۋەلىكىدە قالغان، بۇرۇن خىتايغا ئائىت خەلقلەر[217]. بۇ كۆچمەنلەر بىلەن بەزى موڭغۇللارمۇ شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كەلگەن[218] . رۇسىيەدىن كۆچكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلى ۋە ئالتاي رايونىغا يەرلەشكەن» دەيدۇ. ياڭ زېڭشىننىڭ نەزىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن غەربىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار ھەم دىنىي ھەمدە ئورتاق ئىرقىي كىملىككە ئىگە ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككى رايوندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار «خىتاي – رۇسىيە چەنمىنلىرى» (中俄纏民) دەپ ئاتالغان ئىدى[219]. بۇ 1924 – يىلى ئېچىلغان تاشكەنت قۇرۇلتىيىدىن كېيىن «ئۆزبېك» ۋە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپات ھېسابلىنىدۇ.

(212) 楊增新，〈陳說對待俄事意見〉，王聿均編輯，《中俄關系史料：俄政變》(民國九年)，臺北：中央研究院近代史研究所，1984:81.

(213) 楊增新，〈呈明新疆招用回隊理由文〉，楊增新，《補過齋文牘》甲集上，1965:34

(214) 楊增新，〈訓令喀什朱道尹查禁纏民艾買提等設立道堂文〉，《補過斎文牘》辛集3，1965:2692.

(215) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:43，91，92，93，293，295，296，297.

(216) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:254.

(217) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:284.

(218) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:104.

(219) 《中俄關係史料：新疆邊防》(中華民國六年至八年)，1961:298.

ياڭ زېڭشىن 1928 – يىلى 7 – ئىيۇل سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورنىغا جىن شۇرېن (1879-1941) چىقىدۇ. جىن شۇرېن 1933 – يىلى 24 – ئاپرېل رايون خەلقىنىڭ بىر قاتار ئىسيانلىرى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان شېڭ شىسەي 盛世才)) (1897-1970) مۇ ئوخشاشلا رايون خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن 1944 – يىلى 11 – سېنتەبىر شەرقىي تۈركىستاننى تەرك ئەتكەن ئىدى.

جىن شۇرېن دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بەزىدە مانجۇ ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش «شىنجاڭ خۇيبۇ» (新疆回部) (شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى) دەپ ئاتالغان[220]. پەقەت تۇرپاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارلا «چەنخۇي» دەپ ئاتالغان[221]. پۈتۈن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان خەلقى «خۇيچەن[222]» (回纏)، «چەنخۇي» ۋە «چەنمىن» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. قومۇل خەلق قوزغىلىڭى «چەن لۈەن[223]» (纏亂) (سەللىلىكلەر قوزغىلىڭى)، «چەنمىن ئاپىتى» (纏民激變)، «چەنخۇي قوزغىلىڭى[224]» (纏回變亂) دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا رايونلىرىغا تۇتىشىش ۋەقەسى بولسا، «شىنجاڭ چەنمىن قوزغىلىڭى[225]» (新疆纏民之亂) ياكى «شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى[226]» (新疆發生回亂) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. جىن شۇرېن پارتلىغان قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ يازغان مەكتۇپىدا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنى «چەنمىن»، «چەنخۇي» ۋە «خۇيچەن» دېگەندەك ئىسىملار

(220) 〈蒙藏新疆回部來京展覲人員招待規則〉（1934年1月8日），中國第二歷史檔案館編，《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉,南京：江蘇古籍出版社，1999:4；〈邊疆宗教領袖展覲辦法〉（1934年1月8日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999:9.

(221) 郭廷以編，《中華民國史事日誌》第三冊（1931-1937），臺北：中央研究院近代史研究所，1984:228.

(222) 〈蒙藏委員會為新疆回族聚眾抗拒官府情形致行政院呈〉，《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999:477.

(223) 中國第二歷史檔案館編，《中華民國史檔案資料彙編》第五輯第一編《政治》（五），南京：江蘇古籍出版社，1991:483.

(224) 〈國民政府文官處爲新疆變亂擴大致行政院公函〉（1933年4月14日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999:481.

(225) 〈國防委員會祕書處為抄送駐蘇大使顏惠慶籌邊定計按步施行電致行政院箋函〉（1933年4月17日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999:483.

(226) 〈外交部為抄送駐塔什干總領事牟維潼電陳新疆民變原因致行政院呈〉（1933年4月24日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999:484.

بىلەن ئىپادىلەيدۇ[227]. شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان شىڭ شىسەي بىلەن ۋالىي لوڭ ۋېنلۇڭنىڭ جىن شۇرېننى ئەيىبلەپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چەككەن تېلېگراممىسىدىمۇ يۇقىرىدىكى ئىپادىلەر ئۇچرايدۇ[228].

ئەمما، خىتاي مەنبەلىرىدە «چەنخۇي» لارنىڭ قوزغىلىڭى توغرىسىدا توختالغاندا قەستەن ھالدا ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلىڭىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ[229]. بۇ يەردە «چەنخۇي» بىلەن «خىتاي مۇسۇلمانلىرى» بولغان تۇڭگانلار ئايرىم تۇتۇلىدۇ. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى مو ۋېيتوڭ (牟維潼) (؟ - 1886) شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى «چەنمىن» دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، «شىنجاڭ مىللىتى» (新疆民族) دەپمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى شەرقىي تۈركىستان بىلەن ھەم چېگرىداش ھەمدە ئوخشاش ئىرق، يېزىق ۋە دىنغا ئىگە[230]. ئۇ: «شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قورسىقىنى يېتەرلىك تويغۇزغاندا ئىسيان چىقمايدۇ، چۈنكى چەنمىنلەرنىڭ خاراكتېرى ياۋاش – يۇمشاق (秉性馴良) كېلىدۇ، تىنچلىق ۋە بىراۋغا ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا چوڭ قوزغىلاڭلارنى جەزمەن باستۇرغىلى بولىدۇ[231]» دەيدۇ. ئەلچى مو ۋېيتوڭنىڭ ئەسكەرتكىنىگە ئوخشاش، بۇ دەۋردە خىتاي مەنبەلىرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى زامانىۋى مىللەت ئۇقۇملىرى (ئېتنىك مىللەت) بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ۋە 1933 – يىلى 12 – ئاپرېل جىن شۇرېنغا قارشى بېرىلگەن زەربىدىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رايونغا ئەۋەتىلگەن مۇپەتتىش خۇاڭ

(227) 〈國民政府文官處關於金樹仁爲歷陳新疆發生事變經過及請任命張培元為新省主席兼督辦致行政院公函〉(1933年7月11日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:556-558.

(228) 〈劉文龍為報告被推為新省臨時主席及盛世才為臨時邊防督辦並請指示方針致行政院電〉(1933年5月16日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:568-569; 〈新省臨時主席劉文龍為歷陳新省民變報請示施政方針致行政院電〉(1933年5月16日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:570-571; 〈劉文龍盛世才爲用和平方法解決疆民變致行政院電〉(1933年5月16日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999: 571.

(229) 〈國民政府文官處爲新疆變亂擴大致行政院公函〉(1933年4月14日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:482.

(230) 〈外交部為抄送駐塔什干總領事牟維潼電陳新疆民變原因致行政院呈〉(1933年4月20日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:486.

(231) 〈外交部為抄送駐塔什干總領事牟維潼電陳新疆民變原因致行政院呈〉(1933年4月21日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:485

مۇسوڭ (黃慕松) (1883-1937)) نىڭ تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ماتېرىيالدا: «شىنجاڭ مىللىتى (新疆民族) نىڭ كۆپ قىسمىنى ‹چەنخۇي› لار تەشكىل قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان(232). گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۇيۈەنى ۋاڭ جىڭۋېي (汪精衛) (1883-1944) شەرقىي تۈركىستاندا پارتلىغان قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىدا: «رايوندىكى مىللەتلەر قالايمىقان ئولتۇراقلاشماقتا (民族雜居). رايوندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىللەتلەر بىر – بىرىنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. مىللەتلەرگە شەرتسىز باراۋەر بولۇش كېرەك» دەيدۇ(233) . بۇلاردىن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىر ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە ئاتىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر مىسال بولسا، غەربىي تۈركىستاندا ۋەزىپە ئۆتىگەن خىتاي دىپلوماتلىرى رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندا پارتلىغان قوزغىلاڭلار ھەققىدىكى ئانالىزلارنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ دوكلات تەييارلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان خەلقنى بىۋاستە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىشى دىققەت قوزغايدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار 1924 – يىلى ئېچىلغان تاشكەنت قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، سوۋېت لۇغىتىدە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان ئىدى. 1933 – يىلى 4 – ئاپرېل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پراۋدا گېزىتى» دە بېسىلغان بىر ماقالىنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا «ۋۇ يىگۇ ئېر» (烏依古爾) (ئۇيغۇر)، تۇڭگان، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك، خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بارلىقى، رايون نوپۇسىنىڭ 65% نى ئىگىلەيدىغان خەلقنىڭ ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ(234). بۇ تەرجىمىنى قىلغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشكەنتتىكى ئەلچىسى مو ۋېيتوڭ «پراۋدا گېزىتى» نىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پارتلىغان قوزغىلاڭلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئانالىزنى تەرجىمە قىلغاندىمۇ «ئۇيغۇر» ئىسمىنى «ۋۇ يىگۇ ئېر» (烏依古爾) دەپ ئالغان(235). بۇنىڭدىن باشقا بەزى خىتاي مەنبەلىرىدە 1933

(232) 〈國民政府文官處關於黃慕松抵新宣慰後人心漸定邊局可轉爲安致行政院公函〉(1933年7月1日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉,1999:548.

(233) 〈汪精衛爲飭令白錫爾等各率所屬保靖地方電稿〉,(1933年7月14日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉,1999: 548, 549.

(234) 〈外交部為抄送蘇聯真理報關於回民事變致行政院代電〉(1933年5月20日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉,1999:502.

(235) 〈外交部為抄送蘇聯真理報關於回民事變致行政院代電〉(1933年5月20日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉,1999:501.

– يىلى 5 – فېۋرال ئاقسۇنى قولغا كىرگۈزگەن كۇچالىق تۆمۈر بەگ (1886-1933) «ئۇيغۇر مۇسۇلمان» (維吾爾回) دەپ يېزىلىدۇ[236]. تۆمۈر بەگ 1933 – يىلى 2 – ماي تۇڭگان ماجەنساڭ (馬占倉) بىلەن بىرلىكتە قەشقەرنى ئىگىلىگەندە «مۇسۇلمان تۆمۈر» ۋە تىرناق ئىچىدە «ئۇيغۇر» دەپ كىملىكى ئەسكەرتىلىدۇ[237]. 1933 – يىلى 9 – ئاۋغۇست ئۆلتۈرۈلگەندە بولسا، كىملىكى بىلەن سۈپىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ «چەنخۇي رەھبىرى» (纏回首領) دەپ يېزىلىدۇ[238]. بۇلاردىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، «چەنخۇي» (سەللىلىك مۇسۇلمان) «ئۇيغۇر» دۇر. ئەمما، خىتايچىدىكى «ئۇيغۇر» (ۋېي ۋۇئېر) (維吾爾) سۆزى تۇنجى قېتىم 1934 – يىلنىڭ ئاخىرىدا رەسمىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشقا باشلىغان. 1933 – يىلى فېۋرال ۋە ماي ئېيىدا تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بىر سۆزنىڭ قوللىنىلىشى دىققەت قوزغايدۇ. بىراق، خىتاي مەنبەلىرىدىن بۇ خىل پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنىڭ سىرتىدا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كونا ئادەت بويىچە ئىزچىل ھالدا «چەنمىن[239]» ۋە «چەنخۇي» دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[240]. خىتاينىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى كونسۇلخانىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىلاردا: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى چەنمىنلەر مەخپىي ھالدا قوزغىلىشنى پىلانلىماقتا[241] »، «پۈتۈن چەنخۇيلار [242](纏回各族) ۋە چەنتۇ خەلقلىرى (纏頭民衆) بۇ قوزغىلاڭلارغا قېتىلدى» دېگەندەك جۈملىلەر ئۇچرايدۇ[243]. 1933 - يىلى قۇمۇلدا پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا كېڭەيگەن ئىدى. قۇمۇل قوزغىلىڭىدا مۇھىم رول ئوينىغان يولۋاس بەگ (1889-1971) «چەنتۇلارنىڭ لېيتېنانت گېنېرالى» (纏頭旅長) دەپ ئاتالغان ئىدى[244]. قۇمۇل ئەسكەرلىرى «چەنبىڭ» (纏兵)

(236) 郭廷以編，《中華民國史事日誌》第三冊（1931-1937），臺北：中央研究院近代史研究所，1984：229.

(237) 郭廷以編，《中華民國史事日誌》第三冊（1931-1937），1984：257.

(238) 郭廷以編，《中華民國史事日誌》第三冊（1931-1937），1984：290.

(239) 中國第二歷史檔案館編，《中華民國史檔案資料彙編》第五輯第一編《政治》（五），南京：江蘇古籍出版社，1991：483；黃紹竑，《五十回憶》中冊，臺北：龍文出版社，1989：337.

(240) 郭廷以編，《中華民國史事日誌》第三冊（1931-1937），1984：234，236.

(241) 〈袁建曜爲詳陳新省民變並請設法拯救行政院電〉（1933年4月27日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：521.

(242) 〈外交部爲接駐莫斯科大使館電關於馬仲英欲謀奪迪化等行政院代電〉（1933年6月16日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：506.

(243) 〈青海省府主席馬麟等爲請消弭新疆隱患以固西北而奠國本致行政院呈〉（1933年5月5日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：529.

(244) 李天熾，〈新疆旅行記〉，天津《大公報》民國二十三年六月二十九日.

(سەللىلىك ئەسكەرلەر) دېيىلگەن ئىدى[245]. قوزغىلاڭچى قىسىم ۋە خەلقنىڭ رەھبىرى ئېتىنىك تەۋەلىكى بويىچە «چەن» (سەللىلىك) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى (1889-1941) «چەنمىنلەرنىڭ رەھبىرى[246]» (纏民領袖) «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى[247]» (新疆回) ۋە «شىنجاڭ چەن قوشۇنى» (新疆纏兵) نىڭ قوماندانى[248] دەپ زىكىر قىلىنغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىتار تاس» ئاگېنتلىقىنىڭ 1934 - يىلى 31 - يانۋار تاشكەنتتىن تارقىتىلغان خەۋىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى «خوجا نىياز» دېيىلگەن بولسا، خىتاينىڭ «جۇڭياڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1934 - يىلى 1 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە «چەنخۇي» لارنىڭ رەھبىرى «خوجا نىيازى» دەپ ئېلىنغان[249]. قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىما ئابدۇرەئۇپ داموللا «چەنزۇ» (纏族) دەپلا ئاتالغان. 1933 - يىلى 12 - نويابىر قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ باش مىنىستىرى بولغان سابىت داموللام (1883-1941) نىڭ كىملىكىمۇ «چەنخۇي» دەپ ئاتالغان[250].

قەشقەر ۋالىيسى ما شاۋۇ 1933 - يىلى 26 - ئاپرېل مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چەككەن تېلېگراممىدا، «چەنمىنلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق ناھىيەلەردە، بولۇپمۇ دىنىي مەسىلىلەرنى ۋە ئىرق ئۇقۇمىنى (種族觀念) باھانە قىلىپ ھەممە جايدا خەلقنى كۈشكۈرتمەكتە ۋە خىتايلار بىلەن تۇڭگانلارنى قەتلى قىلماقتا» دەپ يازىدۇ[251]. خىتاي ھۆكۈمىتى ھۆججەتلىرىدە «مۇسۇلمان ئىسيانى» (回亂)، «چەنلەرنىڭ ئىسيانى[252]» (纏亂)، قوزغىلاڭچىلارنى بولسا «چەن فېي» (纏匪) (مۇسۇلمان قاراقچىلار) دەپ ئاتىغان[253]. تۆمۈر بەگ (1886-1933) ۋە ئوسمان ئەلى بەگنىڭ

(245) 新疆通史编委會,《近代新疆蒙古歷史檔案》, 烏魯木齊:新疆人民出版社, 2007:417.

(246) 〈新疆特派員曾啓文爲報告新疆事變實況及五項處置建議致中央執行委員會秘書處呈〉(1933年6月6日),《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:536.

(247) 郭廷以編, 《中華民國史事日誌》第三冊 (1931-1937), 1984:310.

(248) 國史館中華民國史事紀要組編輯,《中華民國史事紀要 (初稿)》(民国21年至民国25年), 台北: 國史館, 1990:114.

(249) 張大軍,《新疆風暴七十年》第6冊, 臺北: 蘭溪出版社, 1980:3396.

(250) 郭廷以編, 《中華民國史事日誌》第三冊 (1931-1937), 1984:316; 黃紹竑, 《五十回憶》中冊, 臺北: 龍文出版社, 1989:339.

(251) 〈馬紹武為陳述新疆變亂情形致行政院,電〉(1933年4月26日), 《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:489.

(252) 〈行政院祕書處為新疆省政府駐京辦事處呈新省民變原因致國防會議秘書處箋函〉 (1933年4月29日), 《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉, 1999:492.

(253) 〈行政院祕書處為新疆省政府駐京辦事處呈新省民變原因致國防會議秘書處箋函〉 (1933

قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرگەندە ما شاۋۇ قېچىشقا مەجبۇر بولغان. خىتاينىڭ ئەنجاندىكى كونسۇلخانىسى بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك مەركىزىي ھۆكۈمەتكە چەككەن تېلېگراممىدا، «قەشقەرنى چەن ئوغرىلىرى ئىگىلىۋالدى، ۋالىي ما شاۋۇ قېچىپ كەتتى» دېيىلىدۇ. تاشكەنتتىكى كونسۇلخانا بولسا، «قەشقەردىكى چەنتۇ (纏頭) لار ۋە خاسا (قازاق) ( 哈薩) لار ئىسيان قىلدى، ما شاۋۇ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدا پاناھلاندى» دېيىلىدۇ[254]. خىتاي ھۆججەتلىرىدە ئىسيانغا قاتناشقانلار جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانلىق «چەنمىن»، «چەنخۇي» ۋە «چەنزۇ» دەپ يېزىلغان[255]. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ھەربىي رەھبەرلەرمۇ ۋالىي جىن شۇرېنغا قارشى تەشكىللىگەن قوشۇنلىرىنى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىلدۈرگەندە ئۆزلىرىنى «چەنمىن» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، شىنجاڭ گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيەسى قۇمۇل رايونى قوماندانى بەشىر (ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى)، تۇرپان رايونى قوماندانى خوجىنىياز، ئۈرۈمچى تى جى جاۋ (芨芨槽) رايونى 1 – دىۋىزىيە قوماندانى تې جەنكۇي (鐵占魁)، پىچان رايونى 2 – ئاتلىق دىۋىزىيە قوماندانى ئىسكەندەر، قاراشەھەر ۋە كۇچار رايونى 3 – دىۋىزىيە قوماندانى مەھپۇز (كۇچار ۋاڭى مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئوغلى)، قەشقەر رايونى ئاتلىق 4 – دىۋىزىيە قوماندانى تۆمۈر ۋە قەشقەر ۋالىيسىنىڭ ۋەكىلى يۇ ۋېنبىن (يۇنۇس بەگ) قاتارلىقلار[256].

گومىنداڭ خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك خىتاي ھۆكۈمرانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، رايون خەلقىنىڭ ئېتنىك كىملىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى كەمچىل ئىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى (1927-1937) نىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى (1932-1933) ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى (1931-1934)  لو ۋېنگەن (-1888 1941) مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يولىيورۇقى بىلەن 1933 – يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا شەرقىي تۈركىستاندا تەپتىش زىيارىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان زىيارىتى ھەققىدىكى ئانالىزلىرىدىن خىتايلارنىڭ «چەنتۇ» لار توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىتايلارنىڭ قارىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي،

年4月29日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：493.

(254) 〈外交部為轉報莫斯科顏惠慶關於新省民變致行政院代電〉（1933年5月10日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：493.

(255) 〈新疆喀什纏族等商民為請明令馬紹武收拾新省殘局致國民政府電〉（1933年4月25日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：518–519.

(256) 〈新疆國民革命軍駐哈討逆總司令白錫爾等關於金樹仁虐民暴政激成民變情形致行政院電〉（1933年6月21日），《中華民國史檔案資料彙編》第五輯一編政治五〈民族事務〉，1999：555.

مانجۇ، موڭغۇل، تۇڭگان، چەن (سەللىلىكلەر)، قازاق، قىرغىز ۋە تاتارلار ياشايدۇ(257). بەزى خىتايلار شەرقىي تۈركىستان خەلقى «چەنتۇ خۇي» (纏頭回) (سەللىلىك مۇسۇلمان)، قازاق، تۇڭگان (漢回)، خىتاي، مانجۇ ۋە موڭغۇل قاتارلىق ئىرقلار (人種) دىن تەشكىل تاپىدۇ، چەنخۇيلار نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئېتنىك جەھەتتىن ئاق تەنلىكلەر بىلەن سېرىق تەنلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ، ئافغانىستانلىقلار ۋە پارسلار بىلەن ئوخشاش تۈرگە كىرىدۇ. تىلى، بولۇپمۇ يېزىقى تۈركىيە بىلەن ئوخشاش، دەپ قارايدۇ(258).

بەزى خىتايلار چەنخۇيلارنىڭ مىنىستىر لۇ ۋېنگەندىن رازى ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق يېزىلىدۇ: «بۇ ئۆلكىدە چەنخۇيلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ. كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرى نازۇك ۋە ئىتائەتچان كېلىدۇ، ئىشچان ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇستۇن، ئەمما يىللار بويىچە رايوندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بېسىمى ۋە ئېغىر باج – سېلىقلىرى ئاستىدا ئېزىلگەن. بۇ ئىنسانلار دەردىنى ۋە كۆز – يېشىنى ئىچىدە بىلىدۇ، ئەرز – شىكايەتلىرىنى قەيەرگە دېيىشنى بىلمەيدۇ(259).»

يۇقىرىدىكى قۇرلار يېزىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. خىتايلار بۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ «چەنمىن» لەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ(260).

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە بىر – بىرىگە زىددىيەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە. خىتاينىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى مو ۋېيتوڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەبىئىتىنى «ياۋاش» دەپ قارايدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گېنېرالى خۇاڭ شاۋخۇڭ (黃紹竑) (1895-1966) مۇ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى «ياۋاش» دەيدۇ ۋە بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتتە ھۆكۈمەتتىن ئىنتايىن قورقىدىغانلىقىنى، ئادالەتسىزلىككە قارشى قورال تاپقاندا ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوزغىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ(261). خىتاي مەنبەلىرىدە، بۇ مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ۋە بىر ئىشلارغا ئەقلى يەتمەيدۇ، شۇڭا ناھايىتى ئاسان ئالدام خالتىغا چۈشىدۇ.

(257) 〈羅外長西行任務〉,《上海晨報》評論, 1933年8月26日.

(258) 〈羅鈞任君壯哉此行〉, 天津《大公報》社評, 1933年8月26日.

(259) 〈羅文幹氏西巡之收穫〉, 天津《大公報》社論, 1933年11月10日.

(260) 賀揚靈, 〈南疆纏回暴亂的總檢閱〉《新中華》1934年第2卷第14期, 見《西北民族宗教史料文摘》(新疆分冊上冊), 蘭州: 甘肅省圖書館出版, 1985: 502-506.

(261) 黃紹竑, 《五十回憶》中冊, 1989: 337

ئەمما بۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىدىن يىراقلاشماقتا[262]، بۇ سەۋەبتىن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى خىتاي مائارىپىدا تەربىيەلەش ئارقىلىق خىتايغا بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، دەپ يېزىلىدۇ.

1928 – يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ (劉文龍) (1870-1950)، «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى خىتايچە مائارىپتىن يىراق تۇرماقتا» دەپ يازىدۇ[263].

بەزى مۇسۇلمان ياشلىرى مەخسۇس يېتىشتۈرۈلۈش ئۈچۈن خىتاينىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئوقۇتۇلغان ئىدى[264]. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىرىمۇ خىتايچىلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، 1935 – يىلى سېنتەبىردە ئوقۇغۇچى ھامىت ھاجىنىڭ ئىسمى «خا مېيدې» (哈美德) غا ئۆزگەرتىلگەندىن باشقا، خىتايچە ئىسىم قويۇش ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ئىككىنچى ئىسىم بېرىلگەن ۋە «شىنمىن» (新民) دەپ ئاتالغان[265].

1933 – 1944 – يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان دۇبىنى شېڭ شىسەي ستالىننىڭ ئېتنىك مىللەتلەرگە ئايرىش نەزەرىيەسىگە ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى 1934 – يىلى نويابىر «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ. شېڭ شىسەي ئۇيغۇرلارنى تۈركچە سۆزلىشىدىغان خەلق ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى 14 مىللەتنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ[266]. شۇنىڭدىن باشلاپ خىتايلار بۇرۇن ئاتىغان «چەنمىن»، «چەنخۇي»، «چەنزۇ» ۋە «چەنتۇ» قاتارلىق مۇرەككەپ كىملىك نامىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ تارىختىكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[267]. ● **داۋامى كېيىنكى ساندا** ●

تەرجىمە قىلغۇچى: م.كۆكيار | تەھرىرى: ي . ئا

(262) 中國第二歷史檔案館編,《中華民國史檔案資料彙編》第五輯第一編《政治》(五),南京:江蘇古籍出版社,1991:535.

(263) 中國第二歷史檔案館編, 《中華民國史檔案資料彙編》第五輯第一編《教育》(二), 南京:鳳凰出版社,1994:861.

(264) 中央統計處編, 〈新疆缠回学生来京求学办法之拟订〉,《中國國民黨指導下之政治成績統計》, 南京: 中央統計處,1935:352.

(265) 戴季陶,〈為第二期新疆纏回学生倣漢唐易名旧制易名文〉(1935 年 11 月),戴季陶、陳天錫,《戴季陶先生文存》, 臺北:中國國民黨中央委員會,1959:1385–1386.

(266) Allen S. Whiting and Sheng Shih-ts'ai, *Sinkiang: Pawn or Pivot?* East Lansing: Michigan State University Press, 1958:4, 156.

(267) 王日蔚,〈維吾爾(纏回)民族名稱變遷考〉,《禹貢》1937年第7卷第4期,頁27–45.

گراھام فۇللىر، جوناسان لىپمان

# شىنجاڭدىكى[1] ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: چالىشقۇ ئەرەن

بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى، ئىسلام دىنى خادىملىرى ھەمدە ھەر تۈرلۈك ئاممىۋى ئۇيۇشمىلار ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك بېسىملار ۋە نارازىلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**ماقالىدىكى ئاساسلىق مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە ۋە نۇقتىلار :**

1- ئالدىنقى ئىككى ئەسىر ھەم مۇشۇ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا شىنجاڭ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قىسمەن ھەم پۈتۈنلەي ھالدا تەكرار-تەكرار زومىگەرلىك بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىندى. بۇ ئىشغالىيەتنى خىتاي مىللەتچى كۈچلىرى 2000 يىلدىن بۇيان بىز بۇ رايونغا تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكسىز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتىمىز دەپ بىلجىرلىسا، سۈرگۈندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە بىر قىسىم ياۋروپا ۋە ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن «مۇستەملىكىچىلىك» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئاتالدى. قانداقلا بولمىسۇن، خىتايلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەمەلىي كۈچىنىڭ شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە 1949- يىلدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان ھەر قانداق بىر ھاكىمىيەت ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنى (مەيلى چېگرا ھالقىغان بولسۇن ياكى رايون ئىچىدە بولسۇن) تەلتۆكۈس باستۇرۇپ بىر تەرەپ قىلالمىغان بولسىمۇ، خىتاي ئاساسىدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت كۈچلىرى ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلدى. ئەلۋەتتە، چىڭ خاندانلىقىمۇ يوشۇرۇن خەۋپ تۇسىنى ئالغان ئادەملەر ۋە ئىدىيەلەرنى كۆزدىن چەتلەشتۈرۈپ، سىرت بىلەن ئالاقىسى

(1) مەزكۇر ماقالىنى يازغۇچى زات دىيارىمىزنى «شىنجاڭ» دەپ ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى پېتى ئالدۇق.

بار يەرلىك يولباشچىلارنى قاتتىق رىجىم ئاستىغا ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ھەرگىزمۇ شىنجاڭدىكى ئىسلامىي مۇھىت ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەن.[2] ئەينى دەۋردە شىنجاڭ مۇھىتىدا دىنىي ئېتىقادنى كونترول قىلغان ھاكىمىيەت كۈچلىرى (ئىسلام دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر قىسىم بۇيرۇق تۈسىنى ئالغان غەيرى ئىنسانىي قانۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقادلىرى بىلەن ياشاشقا ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشقان. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا خىزمەت شارائىتلىرىدىن، ئەركىنلىكىدىن، ھەتتا ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان.

2- غايەت زور كۆلەمدىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بۇ زېمىنغا كىرىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نوپۇس نىسبىتىنى 1949- يىلدىكى 70% دىن يۇقىرى بولۇشتىن، بۈگۈنكى 50% دىن تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، 1949- يىلدىكى 70% دىن يۇقىرى ئۇيغۇر نوپۇسىنى سىغدۇرغان جەنۇبتىكى بوستانلىقلاردىن شىمالدىكى يېرىمدىن كۆپرەكى ھازىر ئولتۇراقلاشقان خەلق ياشاۋاتقان شەھەرلەرگىچە رايون نوپۇس ئىستاتىستىكىسى تولىمۇ كۈلكىلىك ھالدا ئۆزگەرتىپ تاشلانغان. رايوندا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئەسلىدىكى 10% دىن بىراقلا 40% گە يەتكەن. نوپۇس تەڭپۇڭلىقى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆتمۈشكە قارىغاندا ئارىلىق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئانا ۋەتىنىنىڭ خىتايلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە غايەت زور خەۋپ ئېكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتە.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس كونترول سىياسىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا خىتاي پۇقرالىرىدىن بىر پەرزەنتنى ئارتۇق كۆرسە بولىدۇ دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، بۇ پەرمان مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە مىڭلىغان خۇيزۇ كۆچمەنلىرىنى بۇ زېمىنغا يۆتكەپ ئەكېلىش ئېھتىياجى سەۋەبلىك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىدى.[3] بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدا

(2) قوقان خاندانلىقى رۇسلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانغا قەدەر، چىڭ خاندانلىقى قوقان خاندانلىقىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغان. لائۇرا نېۋباينىڭ «شىنجاڭدىكى بەگلىكلەر: ئىككى دۇنيا ئارىسىدا» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ژۇرنىلى ، 1998- يىل 2- سان، 278-، 297- بەتلەر.

(3) قوقان خاندانلىقى رۇسلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانغا قەدەر، چىڭ خاندانلىقى قوقان خاندانلىقىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىگە

تۇرۇپ قىلىش مەقستى بولمىغان نۇرغۇنلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىدىن پەسىللىك يېزا ئىگىلىك خادىملىرى بولۇشنى تەلەپ قىلغان. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرنىڭ نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتىنى 13% دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيانقى خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى 2.45% دەپ خاتىرىلەنگەن . شىنجاڭ خەۋەرلىرى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ 2000- يىلى دېكابىردا بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي خىتاي رايونىغا ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ ئەۋەتىش چوڭ پىلانىدا ئۇيغۇرلاردىنمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپەيتىش توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىش يوق.

بۇنىڭدىن شۇنداق بىر نەرسىنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مۇقەررەر ھالدا خىتاي تېخنىك خادىملار، ئىنژېنېرلار ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەرنى كۆچمەن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرسىمۇ، ئەمما نامرات كۆچمەنلەر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنى توختىتىشى ناتايىن. گەرچە بۇ ئىسلام دىنىغا بىۋاستە خەۋپ ئەكەلمىسىمۇ، لېكىن نوپۇس نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاللىقاچان ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ خەۋپنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى، ھەم شۇ ئارقىلىق دىنىنىمۇ كونترول قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭدا نۇرغۇن ساندىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ (يەنى خۇيزۇلار، باشقا ئۇيغۇر بولمىغان مىللەتلەر) مەۋجۇتلۇقى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋي ئۆرپ- ئادەت ئىچىدە  ئادا بولۇپ كەلگەن ئىسلامىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغان بولۇپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ . نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ياش ئەۋلادلارنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي بىر ئېتىقادتىن مۇستەسنا ماتېرىيالىزملىق ئىدىيەسى سەۋەبلىك  ئەنئەنىۋي ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. پەقەت ئايرىم ساندىكى ئۇيغۇرلارلا بۇ خىل يۈزلىنىشنى قوللايدۇ.

3- ئېتىقادمەن مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىش. يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ماقالىلەر ۋە ئىگىلىگەن ئاخباراتلاردا چوڭ-كىچىك مەسىللار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان بېسىم سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ

ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغان. لائۇرا نېۋباينىڭ «شىنجاڭدىكى بەگلىكلەر: ئىككى دۇنيا ئارىسىدا» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ژۇرنىلى ، 1998- يىل 2- سان، 278-، 297- بەتلەر.

شۇغۇللىنالمايدىغانلىقىنى، «ئىسلامىي» تۈس ئالغان ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭمۇ رېجىم ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىلگەن.[4][3] مەسىلەن، ھۆكۈمەت خادىملىرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ياسىنىپ كىيىم كىيىشكە بولمايدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ بېشىغا شارپا ياكى رومال ئارتىشنى، ئەرلەرنىڭ گۈل چېكىلگەن دوپپا كىيىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا بىر كۆزەتكۈچىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە مەكتەپلەردە ئەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان بۇرۇت قويۇشىنى چەكلىگەن. قىز ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ئۇزۇن يوپكا كىيىپ كەلگىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ چاچلىرىنى تولۇق يۆگەپ مەكتەپكە كەلگىنى ئۈچۈن مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلگەن. بۇلاردىن سىرت كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغان كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا ياكى مەخسۇس تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىگەن دىنىي ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە ئەسلا يول قويۇلمايدۇ.

ئوچۇق-ئاشكارا ھالدىكى ياللانما ئىماملاردىن باشقا خىزمەتچىلەرنى بۇ تورۇلمە ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى» دىكى مائاشقا باغلايدۇ.(5) ئادەتتە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھۆكۈمەت مەخسۇس بېكىتكەن چېقىمچىلارنىڭمۇ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بولۇپمۇ جۈمە كۈنىدىكى دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي تەبلىغىغە بۇ چېقىمچىلارنىڭ پەۋقۇلئاددە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭىمۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى ھەر قانداق ئادەم مەسچىتلەرگە بېرىپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى، ئىسلامىي خادىملار بىلەن ئالاقە قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ.

4- «جىنايى قىلمىشلار» نى باستۇرۇش ماھىيەتتە ئىسلامنى باستۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىكى ئىنسانىي ھوقۇقنى نېگىز قىلغان قانۇن ئىدىيەلىرى يېڭىچىرەك بولسىمۇ ھېچقانداق بىر شەكىلدە خىتايدا ئەمەلىيەتتىن

(4) بىز بۇ يەردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا غەيرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى «ئۇيغۇر» ۋە «مۇسۇلمان» دەپ بىرلەشتۈرۈپ ئاتايدىغان ئادەتكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرنىڭ بىر كىچىك دوپپىسى مۇسۇلماننىڭ بىر كىچىك دوپپىسىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى دائىملىق ئۆرپ-ئادىتى مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇرنىڭ ئۆرپ ئادىتىدۇر. گەرچە بۇنداق ئىپادىلەش توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيەۋى جەھەتلەرگە ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسەتكەن.

(5) ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر شەھەردىكى مەلۇم بىر مەسچىتنىڭ مۇھىم ئىمامى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن. بىزنىڭ كۆزەتكۈچىلىرىمىز كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ مۇشۇنداق ئىمام سۈپىتىدە دىنىي رەھبەر بولۇشىغا يول قويىدىغان قويمايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇ خىتايدا پارتىيە ئىچىدە قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى، بىراق مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلسا بولمايدىغانلىقى، خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا خۇيزۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسچىتلەردە دىنىي پائالىيەتلەردە قاتنىشىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھەجگە بارىدىغانلىقىنى، ئەمما شىنجاڭدا ئەھۋالنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ھۆكۈمەت چوڭ دائىرىدىكى نىمىنىڭ قانۇنلۇق بولۇش، نىمىنىڭ قانۇنلۇق بولماسلىقىنى قارار قىلىۋېرىدۇ. خىتايدا ھوقۇقلۇق قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ۋە سوتچى يوق. شۇڭا ئىجرا ئورگانلىرى بەزى ئادەملەرگە ۋە قىلمىشلارغا نىسبەتەن جازانى كەچۈرۈم قىلىپ ھەرىكەت قوللانسا، خالىغان ۋاقىتتا يەنە خەلق ئاممىسى بىلەن بىردەك ئەمەس، دۆلەت مەنپەئەتىگە قارشى دەپ جازالاۋېرىدۇ. جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە يامرىشىغا قارىتا 1990 – يىللىرى يولغا قويۇلغان «قاتتىق زەربە بېرىش، يۇقىرى چەكتە باستۇرۇش» (يەندا) ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» (ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى) ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» لەرگە يۇقىرى چەكتە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خىتايدا «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دەسلەپتە فالۇڭگۇڭچىلارنى كۆرسەتكەن بولسا، شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەلىك تارماقلىرى يېتەرلىك كونترول قىلالمىدۇق دەپ قارايدىغان ئىسلامىي قىياپەتكە ئىگە ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرى ئاساسلىق دىققىتىنى يەر ئاستى دىنىي تەشكىلاتلارنى تازىلاش، يېقىن قوشنا رايونلاردا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، گۇمانلىق دەپ قارالغان ئۇيغۇر مىللەتچى كۈچلىرىنى تۈتۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھەم دىنىي خادىملارنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوغداش قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقستى ئاشۇ ياللانما ئىماملارنىڭ باللارغا ئىسلام دىنىنى ئۆگەتمەسلىكىگە، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» نى ھەم «ئىسلام رادىكالىزمى» نى (ھاكىمىيەت ئىسلامغا مۇشۇ ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ) ھىمايە قىلماسلىقىغا ، دۆلەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئىلھاملاندۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» دەپ تەبىر بېرىلىپ جىنايەتچى سۈپىتىدە جازالىنىدۇ. بەزى ئەھۋال ئىنكاس قىلغۇچىلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە شەخسىي ھويلا-ئاراملاردىكى يىغىلىشلارمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەن. چۈنكى شۇ سورۇنغا بىر دىنىي خادىم قاتنىشىپ قالغان. بىر قېتىم ئەھۋال ئىنكاس قىلغۇچىنىڭ نەۋرە تۇغقىنى ھېسابلىنىدىغان شۇ دىنىي خادىم ئائىلە زىيارىتى قىلغانلىقى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلىگەن. ساقچىلارنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەر دائىم ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار يىغىلىشلاردا نېمىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۈستەل ئۈستىدە قانداق كىتابلارنىڭ بارلىقىنى ھەم

ئىمامlارنىڭ كىمگە نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى بىلىشنى ئويلايدۇ.

5- ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ھەم تاللاپ ئىشقا قوبۇشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق شارائىتىنى تارايتىشتۇر. بۇنداق گەپ-سۆزلەر يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېغىزىدا كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلارنى «قالاق» دەپ قاراش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئورنى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن بولۇپ، خىتاي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار بارلىق شەھەر پۇقرالىرىغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا قارشى تۇرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە «كەڭ كۆلەملىك غەربىي رايوننى ئېچىش» ھەرىكىتىنى دۆلەتنىڭ يۈكسەك خىزمىتى سۈپىتىدە تېزلەتتى. گەرچە مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ھەرىكەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولىسىمۇ بىراق بىر قىسىم ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئېتىقادمەن مۇسۇلمانلار ئۆز يېرىگە سىڭىنىۋاتقان سىرتقى مەبلەغنىڭ، ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان دۆلەت خىراجىتىنىڭ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەرتىپىنىڭ «پايدىسىنى كۆرگۈچى» سۈپىتىدە ھېس قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇلار خىتاي باشقۇرغۇچىلارنى ئاساس قىلغان، خىزمەتچىلىككە خىتايلارنى تاللاشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا ياشاشنى رەت قىلغان ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس ئۇقتۇرۇشلارنى چىقىرىپ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا، دىنسىز ئەمەلدارلارنى ئالدىنقى شەرت قىلىش سەۋەبلىك خىزمەت تاپالمايدىغانلىقىنى تەكرار-تەكرار ئەسكەرتكەن. ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق بىر قىسىم شەھەرلەردە كۆپ ساندىكى خىتايلارنىڭ ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە ئۇيغۇرلاردىن ناھايىتى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشىپ كەتكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. بىراق قەشقەردە نۇرغۇن كەسپىي خىزمەت ئورۇنلىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ھەربىي ئەترىتى ۋە خىتايلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەمگەكچى گۇرۇھلار تەرىپىدىن ئىگىلەپ كېتىلگەن. «ئاز سانلىق مىللەتلەر» ئەزەلدىن خىتايلارغا قارىغاندا ئەقىلسىز، كۆپ قالاق، ھەم جاپاغا چىدىمايدۇ، ھەم بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىق سەۋەبىدىن بولغان دېگەن بۇ قاراش خىتايدا ھەممە يەردە كەڭ تارقالغان. ھەم بۇ نۇقتا بىر قىسىم گەۋدىلىك «ئاز سانلىق مىللەت» كادىرلىرىنىڭ ئېغىزىدىمۇ تەكرارلانغان. بۇ بىر قىسىم خىتايلارغا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە يۇقىرى ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان بىر قىسىم كەسىپلەرگە تەكلىپ قىلىنمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە

قولايلىق باھانە بولۇپ قالغان. ئەلۋەتتە، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپ كىملىكىنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ساقلىنىپ قىلىشىنى بەك ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ئىسلام قالاقلىق ئەمەس. فېئودالىزمنىڭ بەلگىسىمۇ ھەم ئەمەس. ئۇلارنىڭ «مىللىي ئۆرپ- ئادىتى» ئۇلارنىڭ شانلىق تارىخ ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت يىلتىزىغا ئىگە، ئىسلام دىنى ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ياخشى بىر ئەنئەنە بىلەن باغلىنىشى بار مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

دىققەت مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان يۇقىرىقى تېمىلار.بىزنى شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا ۋىجدانەن دەۋەت قىلىدۇ.

## شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىغا قىسقىچە ئىزاھات

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارىختىن بىرى قوشنا رايونلارنىڭ تەسىرى بىلەن جانلىنىپ كەلگەن بولۇپ، تىل، مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە بولغان غەربىي مەركىزىي ئاسىيا بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا 10- ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيادىن كىرگەن. 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلق تاكى قۇمۇلغا بارغۇچە پۈتۈنلەي ئىسلامغا كىرىپ ئېتىقادىنى يەكگۈشلىدى. شۇندىن كېيىن جەنۇبىي ئويمانلىقتا ياشىغۇچى خەلقلەر تاكى 20- ئەسىرگىچە مۇسۇلمانلىق شەرىپى بىلەن ياشاپ كەلدى.[6] شىمالدىكى شەھەرلەر چىن خاندانلىقى ۋە خەلق پىرقىسى جۇمھۇرىيىتى (گومىنداڭ) نىڭ (18- ئەسىردىن 20- ئەسىرگىچە) كونتروللۇقى ئاستىدا كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغان مۇھىتقا دۇچ كەلگەندە ئاندىن جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان قازاقلار ۋە تاغلىق رايوندا ياشاۋاتقان قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر چىن مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان بۇ

(6) ئالدىنقى بابلاردا دەپ ئۆتكەندەك، كۆپ ساندىكى ختاي كۆچمەنلىرى بۇ رايونغا كىرگەندىن كېيىن، نوپۇس تەڭپۇڭلىقىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىغان. بەزى ئادەملەرنىڭ بىزگە دېيىشىچە، تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان ئىككى بوستانلىق يۇرت كورلا ۋە ئاقسۇنىڭمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ختايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ گەپ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ يۇرت ماكانلىرىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق ، بۇ پىكرىنى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن.

تائىپىلەرنىڭ شۇملۇق ۋە خەۋپلىرىنى چۈشىنىپ تۇرغان. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقلىرىنىڭ بىرىدە، بىر تۈرك (ئىسلام دىنى يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە) مۇنداق يازىدۇ:

« (ئۇلار) ئالتۇن ـ كۈمۈش، هاراق-شاراب ، يىپەك (ماللار) نى غەم قىلمايلا بېرىدۇ؛ تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، يۇمشاق تاۋارلىرى ئېسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. (ئۇلارغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان هىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن،(6) ياخشى ئەقىللىك كىشىلەرنى، ناهايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن، بىر كىشى خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرۇقى ، قەۋمى ۋە بۆشۈكىدىكىگىچە روناق تاپقۇزمايدىكەن. (ئۇلارنىڭ) چۈچۈك سۆزىگە، ئېسىل سوۋغاتلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈڭلار، تۈرك خەلقى هالاك بولغاندىن كېيىن (قالغانلىرى) جەنۇبتىكى چوغاي تېغىغا توپلىنىپ (7) يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دېسە، يامان نىيەتلىك كىشلەر تۈرك خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلسۇن دەپ: (ئەگەر تابغاچقا) يىراق بولساڭلار، ناچار سوغا بېرىدۇ، دەپ قۇتراتقۇلۇق قىپتۇ؛ بۇ هىيلىنى بىلمىگەن كىشلەر ئۇ سۆزگە ئىشىنىپ، تابغاچقا يېقىن بېرىپ، (نەتىجىدە) نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈڭلار. (8) ئۇ يەرگە بارساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆلىسلەر، ئۆتكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇپ، (ئۇلارغا) كارۋان ۋە ئەلچىلەرنىلا ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە) هېچقانداق غەم قايغۇ بولمايدۇ. ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار، ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر.»[7]

ئىسلام دىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ چىن تائىپىلىرى بىلەن تۈرك دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. مەركىزىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان هۆكۈمدارلار ئۆز-ئۆزىگە قىلچىمۇ هۆرمەت تۇيغۇسى بولمىغان چىن تائىپىلىرىنىڭ مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنى ياۋايى قەۋم دەپ قارىشىنى زىنهار ئېتىراپ قىلمىغان. ئۇلارنى كاپىر، تابغاچ ياكى ختاي دەپ ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرگەن.[8] 15- ئەسىرگە كەلگەندە مىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانى يۇڭلى (مىلادى 1403- 1424يىللار) تۆمۈرلەڭنىڭ ئوغلى شاھرۇخ باهادىر بىلەن دىندار

(7) س.ئى. مالوف:«»، موسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 1951- يىل، 34-، 35- بەتلەر.

(8) جوسف فلېتكىر : «ختاي ۋە ئورتا ئاسىيا: 1369__ 1884 »، جوهون. ك. فايربانكنىڭ تەهرىرلىكىدىكى «ختاينىڭ دۇنيا تەرتىپى: ئەنئەنىۋىي ختاينىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1978- يىلى، 206-، 224- بەتلەر.

ۋە دىنسىز خەلقلەرنىڭ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ختاينىڭ ئولپان سىستېمىسى ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ تەڭسىز ئورۇندىكى تىللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا دوستانە كېلىشىم ئىمزالىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر تەرەپ دائىم باشقا تەرەپنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى پىكىر- تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان. شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، بۇگۈنكى شىنجاڭدا تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىش ھەم ئىسلامىي مەدەنىيەت ئۆز-ئارا كۆپ تەسىرلىشىپ كەتكەن. ھەم مەلۇم دەرىجىدە نەچچە ئەسىردىن بىرى شەرققە قاراپ سىلجىۋاتقان ختاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بىراق 20- ئەسىرگە كەلگەندە بۇ تەسىر كۈچ ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تاغلىق ۋە تۈزلەڭلىكىدىن، مۇسۇلمان دۇنياسىدىن غەرب دۇنياسىغىچە نۇرغۇن مەدەنىيەت تېپلىرىدىن ئۆزىنىڭ چېگراسىنى ئاجراتتى. ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن مىڭ سۇلالىسى (1368- 1644) دەۋرىدە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن. پەقەت ئەڭ شەرقىدىكى قۇمۇل ۋە تۇرپان ئويمانلىقى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي بېسىمى ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ تەجرىبە قىلىشىغا ئۇچرىغان.(9) 1750- يىلدىكى رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرۇشتىن كېيىن، چىڭ خاندانلىقى ئۆزىنىڭ ئىلىدا ھەربىي ھۆكۈمران ئورۇنلاشتۇرالىغانلىقىدىن ۋە بىر قىسىم مۇھىم، ھالقىلىق ئورۇنلاردا ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرالىغانلىقىدىن بىر خىل رازىمەنلىك ھېس قىلدى.(10) شۇنىڭ بىلەن 1880- يىلغىچە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلامىي پىرىنسىپىمۇ ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. يەرلىك ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنىمۇ ئۇلاردىن يىراقلاپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەتكە قارشى كەيپىيات ۋە ھەرىكەت بىلەن تەمىنلەيدىغان رولىنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.(11)

قەشقەر بېيجىڭغا قارىغاندا باغدادقا يېقىن. يەنە كېلىپ شىنجاڭدا تۈرك ۋە پارس دۇنياسىغا ماڭىدىغان چىقىش ئېغىزلىرى خېلى كۆپ. ئۇنىڭسىز ختاينىڭ

(9) مورىس روسسابى: «ختاينىڭ مىڭ سۇلالىسى ۋە تۇرپان، 1406__ 1517»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1972- يىللىق 3- سانىغا قارالسۇن. 206-، 225- بەت .

(10) جېيمس. ئا. مىللۋارد: «چېگرادىن ھالقىش: ئىقتىساد، مىللەت ۋە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسى، 1759__1864» ، ئىستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998- يىل: يەنە لائۇرا نېۋباينىڭ «شىنجاڭدىكى بەگلىكلەر: ئىككى دۇنيا ئارىسىدا» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

(11) ھوئانىا ۋالېي-سوھېن: «چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى پالاندىلار: قورىغار (غەربىي يۇرت) غا پالىنىش، 1758__ 1820»، يالى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991- يىل.

مەدەنىيەت «قىبلىسى» بولغان شىمالىي ھىندىستانغا بېرىشتىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. قەشقەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ رايوندىكى قۇمۇل رايونى گىرەلىشىپ كەتكەن پەرغانە رايونىدىكى ئەنجان ۋە قوقان رايونىغا قارىغاندا نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراق. بۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەردىن قۇمۇل رايونىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بەش ئەسىر ۋاقىت كەتكەنلىكىنى، 1420- يىللارغىچە مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىملىرى، سودا ئەلچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىككىنچى، جۇغراپىيەلىك ئارىلىقنىڭ ناھايىتى يىراق بولۇشى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رايون بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنى بىلىشىمىزدىكى نۇقتىلىق ئامىل بولۇشى مۇمكىن . دېمەك چىڭ خاندانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بۇ خاندانلىقنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلانغان چاغدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم خىتايلار يىراقتىكى ئۆيلىرىدىن كېچىپ، ياۋاشلىق بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى پىدائىيلار بولسىمۇ، كۆپىنچىلىرى شىنجاڭغا پالانغانلار بولۇپ ئۇلار ناھايىتى قاتتىق جازالانغان چىرىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەشكىل قىلاتتى.[12]

گەرچە بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن بۇرۇن خىتاي تائىپىلىرىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا سىرتتىن كەلگەن بۇ كەلگىندىلەرگە قارشى كۆرەشتە پۈتۈن سەپ بويىچە بۆلۈنمەي بىرلىككە كېلىش نېسىپ بولمىدى.

لېكىن كىم ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلق دائىم رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى، سىياسىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە كۆپ خىل ئۈلگىلەرنى ياراتتى. سوفىزم تەلىماتلىرى بىلەن مىللىي نىزا ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە جېدەل ، تېرىم جەمئىيىتى بىلەن كۆچمەن ھايات ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك زىددىيەت بۇ مۇسۇلمانلارنى چاك-چېكىدىن ئايرىۋەتكەن بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ بوستانلىقلاردىكى مىللىي كىملىكى شەكىللەنگەن. مىللىي كىملىكتىكى نۇرغۇن ئىچكى پەرقلەر، سودا

(12) جوستىن رۇدېلسون: «بوستانلىق كىملىكى: يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى»، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل.

ئېڭىغا باي خىتاي ، قازاق يايلاقلىرى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە شىمالىي ھىندىستان قاتارلىق شەرق خەلقىدىن پەرقلىنىپ تۇرغان.[13] دەرھەقىقەتكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت بولۇپ ئويۇشۇش ئىستىكى ھۆججەت-ئىسپاتتىن كۆرە تولۇپ تاشقان بىر ھاياتىي قىزغىنلىق بىلەن تولغان ئىستەكلەرگە بەكرەك تايانغان دېيىشكە بولىدۇ.

گەرچە ئۇلار خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇزاق مەزگىللىك تېرىم ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن تارىم ئويمانلىقىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى بۇ خەلق خىتاي تائىپىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان مەدەنىيەت ۋە تىل ئورتاقلىق بەھرىمەندىلىكىدىن ۋاز كەچمىگەن. ئۇلار 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر پۈتۈن قەۋم سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ بولغان. شۇندىن باشلاپ بەش ئەسىر جەريانىدا گەرچە ئۇلار تولۇق بىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇستەقىللىققە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي ئېتىقاد بۇ رايوندىكى ئومۇمىي خەلقنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئاساس، بىرلىك تۇيغۇسىنى ھەر دائىم ئېسىگە سېلىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس كۈچ سۈپىتىدە رولىنى جارى قىلىپ تۇرغان.

تالاي ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندىن شۇ نەرسە ئايانكى، شىنجاڭ جۇڭغار قالماقلىرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرلىرىدە دائىملىق خەلق ھەرىكەتلىرىنى قوزغاپ تۇرغان. تاغلىق رايونلارنى ماكان قىلغان قىرغىزلار، تاجىكلار، چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قازاقلار ۋە پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تۈركىي خەلق ئۇزلۇكسىز دىنىي تەسىرلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇش ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانىدا، بوستانلىقلىرى ۋە  شىمالدىكى يايلاقلىرىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شەكىللەنگەن سىياسىي، دىنىي قۇرۇلمىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقلىرىنىڭ زور دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا گۇۋاھ بولغان.[14] ھەتتا بەزى  كۆزەتكۈچىلەر بۇ رايوندا سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا ئازراق بۆلۈنۈش بولسىلا،

(13) جوستىن رۇدېلسون: «بوستانلىق كىملىكى: يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى»، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل.

(14) جوسف فلېتكىر : «خىتاينىڭ ئىككى ئاسىياسى: 1800- يىل» ۋە «خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ ۋە تىبەت»؛ جوھون. ك. فايربانكىنىڭ تەھرىرلىكىدىكى «كامبىرىج خىتاي تارىخى»، 10- توم، كېيىنكى چىڭ خاندانلىقى، 1800__ 1901، ئۈچىنچى بۆلۈم» گە قارالسۇن، 1978- يىلى.

ھەرخىل شەكىلدىكى ئادەتتىكى شەھەر پۇقرالىرىنىڭ توقۇنۇشى، يوشۇرۇن قەستلەش، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىق، سىياسىي-دىنىي رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەل ، سودا يوللىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى قاتارلىق چوڭ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئاخىرىدا ئىچكىرى جەھەتتىكى بىچارىلەرچە بۆلۈنۈش بۇ رايوندا مۇقىمسىزلىق ئامىلىنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قېلىشىغا «ياردەم بېرىپ» ماڭغان.

ھازىرقى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇنقى چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە بىر قىسىم رايونلارغا مۇسۇلمانلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەھلى سۈننەت تەلىماتلىرىنىڭ شەيخلىرى ھەم شۇنىڭ ئىقتىسادىي يان تېرىكى بولۇپ تۇرۇپ، مەسچىتلەرنى بىنا قىلىش، ھەم ئېتىقادىنى قوغداش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇڭىمۇ نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار مۇستەملىكىچىلەر 18-، 19- ئەسىردە ۋەتىنىنى بېسىۋالغاندا قۇيۇلۇپ قالغان نام بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ ئاتالمىش مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار بىلەن چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇمىغا «جىھاد» بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كېلىپ تەڭ قارشىلىق كۆرسەتكەن.[15] شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم مۇستەملىكىچىلەر ئۆزىنىڭ ئىش تەرتىپىنى خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا ئېلىپ بارىدىغان بولغان. لېكىن ئەڭ چوڭ ئويغىنىش پەرغانە رايونىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان قوقەنت خانلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئومۇمیۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى بەك ئارزۇ قىلغان ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ سۈپىتىدە رول ئوينىغان.[16] 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا (1933__ 1934)، شىنجاڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ۋە قەشقەردە قۇرۇلغاندا، ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسلىنىپ قانۇن يۈرگۈزگەن. بىراق ئۇزۇنغا بارماي بۇ جۇمھۇرىيەتمۇ ناھايىتى ئىراقتىكى خىتاي تائىپىلىرى ۋە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى قانخورلىرىغا قارشى كۈرەش جەريانىدا يىقىلغان. ئەمەلىيەتتە، ھاكىمىيەتنىڭ شۇنچە تېز مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلىق دەۋاسى

(15) نېۋباي چىڭ خاندانلىقى بىلەن قوقان خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىۋاتقان بولۇپ، قوقان خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى سىياسىي، دىن، ئىقتىساد، يەككە ئائىلە قاتارلىق ئۇنسۇرلارغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزگىچە ئىزاھات بەرگەن.

(16) ئاندېروۋ. د. ۋ. فوربېس: «خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلار: شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي تارىخى، 1911__ 1949»، كامبېرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986- يىل.

بىلەن گەنسۇدىن چىقىپ مۇسۇلمانلارغا قوشۇلغان تۇڭگانلار(خۇيزۇلار) بولۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇسۇلمانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان.[17]

ماقالىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابچىلىرى تارىختا ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ئۇلارنىڭ زور مىللىي قىزغىنلىق بىلەن ئاتلانغان بۇ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى چوڭ بىر ھادىسە سۈپىتىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. 1944- يىلدىن 1949- يىلغىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت رايونىدا مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەم بۇ رايوننى باشقۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان تۈرك-ئىسلام مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ تەسۋىرلەنسە[18]، يەنە بىر جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرغان قونچاق ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە تونۇلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى چەتئەلدە ھازىرقى زامان مائارىپى تەربىيەسى كۆرگەن بولۇپ، ئاز بىر قىسمى بولسا ئەنئەنىۋى ئالىملاردىن ئىدى. لېكىن شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندىن باشلاپلا بۇ ھۆكۈمەت ئىسلام دىنىنى كۈچەيتىشكە بەك ئەھمىيەت بەردى. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى قانۇن-تۈزۈمنىڭ مۆتىۋەر ئورنىغا قويدى. 1945-يىلدىن 1949- يىلغىچە داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇشتا كوممۇنىستلار غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئۈمىدىدە ئايروپىلاندا بېيجىڭغا قاراپ ماڭدى. لېكىن بەختكە قارشى ئۇلار چۈشكەن ئايروپىلان تولىمۇ گۇمانلىق ھالدا ئالمۇتادىن بېيجىڭغا قاراپ ماڭغاندا كاشىلا كۆرۈلۈپ پاچاقلىنىپ كەتتى. تۈرك-ئىسلام مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن بولدى. 1949- يىلدىن كېيىن، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىردى. ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى يىغىشتۇرۇپ پۈتكۈل شىنجاڭنى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىسى ئىچىدە قايتىدىن تەشكىللىدى.

بەلكىم بۇ قىسقا ماقالىدىكى مەزمۇنلار تولىمۇ يۈزەكى ئىزاھاتلاردۇر. شىنجاڭدىكى

(17) ئاندېرۋۇ. د. ۋ. فوربېس: «خىتاينىڭ ئورتا ئاسىياغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلار: شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي تارىخى، 1911__ 1949»، كامبېرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986- يىل.

(18) لىندا بېنسون : «ئىلى ئىنقىلابى: مۇسۇلمانلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى، 1944__1949»، نيۇ يورك شارپى نەشرىياتى، 1990- يىل.

مۇسۇلمان خەلقكە نىسبەتەن ئۆزىنى بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىق دەپ قارايدىغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق زېمىنىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن بۇ خەلققە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلالامدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى قانداق قانۇنىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ھەم قايسى رايونلارغا ئاساسلىنىپ نۇرغۇن ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرغان بۇ شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلەلىگەن؟ دېگەن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. 20- ئەسىردىكى خىتاي مۇتەپەككۇرلىرىمۇ چىڭ خاندانلىقىنىڭ پۈتۈن خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى، ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئومۇمىي بىرلىكنى قەتئىي ھىمايە قىلىشى لازىملىقىنى، شىنجاڭنىڭ خىتاي چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چەك باستۇرۇشقا تىرىشقان. ھەتتا بۇ قاراشلارنى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئارخېئولوگىيەلىك مۆجىزاتلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدىن چىققان «پىدائىيلار» نى ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە چاقىرىق قىلغان.[19]

مىللىي ئېڭى كۈچلۈك يەرلىك مىللەت ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى ئىدىيەلەرگە قارشى ھالدا خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا ھۆكۈمران بولۇۋېلىشىنىڭ ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدىكى بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ماھىيەتتە بۇنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئىكەنلىكىنى بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ ھۆكۈمران كۈچلەرگە دىن ۋە ئەركىنلىك، ئازادلىق نامى بىلەن تۈرلۈك قارشىلىقلارنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەلۋەتتە، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم كىشىلەر، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قەتئىي دىن روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەم مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ماقالىمىزنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا بىز قىسقىغىنا ئىزاھلاپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسلامىي ئاۋازلارنى باستۇرۇشتا تولۇق غەلىبە قازاندى. بۇ يەردىكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش تىبەت، پەلەستىن، چېچېنىيە، شىمالىي ئىرېلاندىيە، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىكىگە تامامەن ئوخشايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ كۈرەش ھاياتى تولىمۇ رېئال بولغان.

(19) بىزنىڭ بۇنداق «مەجبۇرىي خالاتقۇزۇش» ئۇقۇمىنى قوللىنىشىمىز خىتاي ھۆكۈمىتى ئادەتتە ھەر خىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاۋامنى مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلغىلى سالىدىغانلىقى، بۇنداق ۋاستىلەر سىياسىي تۈس ئېلىپلا قالماستىن يەنە رېئالنى ئېنىقلىمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىق سەۋەبىدىندۇر.

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قوللىنىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى قاتتىق قوللۇق سىياسىتىنى ئىككى قېتىملىق رېئال تارىخىي ھادىسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىرسى، ماۋزېدۇڭ دەۋرى ئاياغلىشىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ باشلامچىسى دىڭ شياۋ پىڭنىڭ بېيجىڭدىكى مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشى. يەنە بىرسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ شىنجاڭنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى. خىتاينىڭ غەربكە مايىللىشىشى تەسىرىدە چەتئەل بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى شەرقتىكى دېڭىز پورتى شەھەرلىرىگە مەركەزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئەگىشىش نىشانىنى ياپونىيە ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە قاراتتى. گەرچە غايەت زور تارىخىي ھادىسىلەر، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ خىتاينىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىغا پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسكە سالسىمۇ، ئەمما ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى.

1980 - يىللاردا ۋە 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا خىتايدا مۇسۇلمانلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى. بولۇپمۇ ئۇلار ئىسلامنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى دەۋر روھىغا باغلىنىشى ۋە قارشىلىق روھى ھەققىدە كۆپ ساۋاتلارغا ئىگە بولدى. نۇرغۇن كىشى ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى سىياسىي كۈرەشتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىدى. [20] خىتايدىن ئىسلام دۆلەتلىرىگە بارغان ئوقۇغۇچىلار تىل، تېخنىكا، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ قايتقاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ، سودىگەر، دىنىي خادىم بولدى. مالايسىيا، پاكىستان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچىلار خىتايدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى قاراشلىرىنى توغرىلاش، ئىسلامنىڭ سىياسىي كۈچىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتتە قايىل قىلدى. پاكىستاندىن قەشقەرگە بارىدىغان قاراقۇرۇم يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولى، يىللاردىن بىرى خېلى راۋاج تېپىپ قالغان تارىم -پەرغانە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولى، شىنجاڭدىن قازاقىستانغا بارىدىغان

(20) ئېچىۋېتىلىش مەزگىلىدە سەئۇدى ھۆكۈمىتى خىتايىنى دۇنيا ئىسلام مۇھىتىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئەمما سەئۇدى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى خىتايدىن نەچچە يۈزلىگەن ھاجىلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

يېڭى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول ھەم تۆمۈر يوللار ئىلگىرىكى كارۋان يوللىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ چېگرالارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق بىر قىسىم شەھەرلىرىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا بىۋاستە قاتنايدىغان ھاۋا قاتنىشى بار بولدى. شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بېيجىڭدىكى رەھبەرلەر ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى رەھبەرلەر ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىتاينىڭ شەرق قىسمىدىكى پورت شەھەرلىرىنىڭ ياۋروپا ، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇۋاتقان بايلىق كۆچى شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سىياسىي دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. شۇڭىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى باشتىن-ئاخىرى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن چېگرا ئاتلىغان چەتئەل مۇناسىۋەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا چەك قويۇپ كەلگەن ھەم قاتتىق چەكلىگەن. 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا، يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى بېرىدىغان «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» ئۇقۇمىنى پەيدا قىلىپ بۇ رايوننى قاتتىق بېسىم ئىچىدە باشقۇرۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ئاتالمىش «جىنايەت» لىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن مەجبۇرلاش خاراكتېردىكى سىياسىي تىزگىنلەشنى قاتتىق كۈچەيتتى. ھەتتا بۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ زۇلۇم بولسا كېرەك.[21] ھەتتا بىر بېيجىڭ ئەمەلدارى ئېنىق قىلىپ: «شىنجاڭ خىتايدىكى باشقا جايلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ يەردە ئىسلام دىنى باشقا جايلارغا قارىغاندا كۈچلۈك باشقۇرۇلىدۇ.» دېگەن. بۇ ئەمەلدار «تەكشۈرۈش، يېقىندىن دىققەت قىلىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئورنىغا، باشقۇرۇش ئۇقۇمىنى ئۇقتۇرىدىغان «管» سۆزنى قوللانغان. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمان كۆزەتچىلەر ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەرگە دۇچ كەلگەن ئەھۋالى بىلەن تىبەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ قاتتىق «باشقۇرۇش» مەسىلىسىنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرلار «ھېچ بولمىغاندا،

(21) كۆزگە كۆرۈنگەن سودىگەر رابىيە قادىر ئامېرىكىدىكى يولدىشىغا پوچتا يوللانمىسى ئارقىلىق گېزىت، رەسىم ئەۋەتكىنى، ئامېرىكىلىقلار بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىش ۋەقەسى خىتاي نەزىرىدىكى ئاتالمىش «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كۈچلەر» نىڭ ئېنىقلىمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەتتا رابىيە قادىرغا ئارتقان ئەيىبنامىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ قايناق بازىرىغا جايلاشقان غايەت زور ئىش بېجىرىش زالىدىكى قانۇنسىز دىنىي مەكتەپتە پائالىيەت قىلغۇچىلارنى قوللىغانلىقىنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى سەككىز يىل قاماققا ھۆكۈم قىلغان.

تىبەت خەلقىنىڭ دالاي لاماسى بار. ياكى ھوللىۋود خەلقئارالىق بىسىم پەيدا قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي جەھەتتىن ئۇلارنى ئېزىشىدىن قوغدايدۇ. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرساق بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق.» دەپ، دالاي لاما ئەندىزىسىچە كۈچلۈك ئىسلامىي ئېتىقادقا ئىگە، تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك، سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى جاھان سوت كوللېگىيەسىدىن تەلەپ قىلىپ باققان بىر ئۇيغۇرنىڭ خەلقئارا سەھنىدە پەيدا بولۇشىغا تەقەززا بولىدۇ.

شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ يەردە يەرلىك تىللارنى قوللىنىشنىڭمۇ قورقۇنۇچلۇق بىر كەيپىياتقا كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ يەردە دىنىي كەسپىي خادىملار ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي تەكشۈرگۈچى خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇندىن باشقا، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ مۇسۇلمانلار دىنىي ھەرىكەت تۈسى بىلەن يەكۈنلىنىدىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي دەۋا ئىشلىرىدىن قورقىدۇ. يەنە تېخى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن قورقسا، باشقا غەيرىي ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر» ياكى «مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ياشايدۇ. ھەتتا بېيجىڭدىكى بىر پروفېسسور شىنجاڭ رايونىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئۈچۈن «سەزگۈر» تېمىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. يېقىنقى خىتاي مەتبۇئاتىنى تەكشۈرۈشتىن  ئاشكارىلىنىشىچە، نۇرغۇنلىغان كىتابلاردا شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخى 1949- يىلدا رەسمىي ئاياغلاشقان. كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك تارىختىن تېپىلىدىغىنى پەقەت «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» نى قوغداش ئۇقۇملا خالاس. مەسىلەن ئالساق، مەتبۇئاتلاردىن ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى دىنىي ئەھۋال ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرنى، سوفىزمنىڭ تىرىلىپ قوپۇشى، يېقىنقى دەۋردىكى ۋاھابىزمنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاددىي بايان ياكى مۇلاھىزىلەرنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.[22] ئەمەلىيەت، ئۇنىڭ ئاخبارات قىلىنىشى، مەخسۇس ئىلىم سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىش قاتارلىقلار جەھەتتە نۇرغۇن مۇلاھىزە تېمىلىرى مەۋجۇت، بىراق ئەمەلىي ئەھۋاللاردا بولسا، ئۆلىمالارنىڭ ئېيىتقانلىرىغا ئىشىنىشمۇ يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق چەكلەنگەن. قورقۇش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان ھەم ھەممە

(22) گاردېنېر بوۋىڭدون نىڭ «ئۆز ۋەتىنىدىكى سەرگەردان ئۇيغۇرلار»، 2002- يىلى يازغان دوكتورلۇق ماقالىسىگە قارالسۇن.

سورۇنلارنى ھۆكۈمەت «ئەمەلدارلىرى» بېسىپ بولغان سەۋەبلىك شىنجاڭدىكى ئەمەلىي دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان. بۇنداق بىكىك خاراكتېرنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىمۇ بەك تەسكە توختايدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھاياتىنى ئازغىنە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەركىزى ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشايدىغانلىقىغا خېلى بەك دىققەت قىلغان. دەرۋەقە، بىر قىسىم يەرلەر ۋاستىلىك ھالدا چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

**ئۇيغۇر مەسچىتلىرى ۋە قوشنا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرى**

ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ ختاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رايونلاردىكى مەسچىتلەردىن پەرقلىق بولۇشى دائىملىق ئەھۋال بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ دىنىي ئېتىقاد ياكى سوپىزم قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولماستىن، بەلكى ئېتنىك تەۋەلىككە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشتۇر. بۇ يەردە ئۇيغۇر مەسچىتلىرى بىلەن تۇڭگان مەسچىتلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە پەرقلىق بولۇشى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. تۇڭگان مەسچىتلىرىنىڭ ختاينىڭ بۇتخانا شەكلىگە يېقىن بولۇشى چىن خاندانلىقى ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىلا ئومۇملىققا ئىگە بولغان. تۇڭگانلارنىڭ مەسچىتلىرى ئادەتتە قوشنا رايوندىكى تۇڭگانلارنىڭ مەسچىتلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق، زور كۆپچىلىك ئۇيغۇر مەسچىتلىرى ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى قېلىن لاي تاملار بىلەن ئورالغان، يۇملاق قۇببە ۋە ئۇچلۇق مۇنارلار بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىتلىرى كەڭرى ھويلىلىق، تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، پېشايۋانلىرى قاشالانمىغان بولۇپ ئېتىقادچى ئاما ئۈچۈن ھەر دائىم ئېچىۋېتىلگەن بولىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ بولسا دەل ئەكسىچە بولىدۇ. يەنە كېلىپ ختايچە سۆزلەيدىغان خۇيزۇلار ختايلار بىلەن ئەركىن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىنى بۆلۈنمە قوشنىدارچىلىق، شەخسىي ئاداۋەت، ئاممىۋىي ئىشەنمەسلىكتەك ئىجتىمائىي خاھىشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىتىدۇ. ھەتتا ئۇيغۇر كۆزەتكۈچىلەر خۇيزۇلارنى «مۇسۇلمانلىقتىن كۆرە ختايلىقى بەكرەك ئېغىر » دەپ قارايدۇ. يەنە

كېلىپ خۇيزۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى «قالاق، فېئوداللىق ئېڭى كۈچلۈك» دەپ كەمسىتىدۇ.

## شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىلىكى

بىرلىككە كەلگەن بىر دىنىي مەركەزنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن، ئومۇمەن ئىسلام جەمئىيەتلىرى چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ ھەربىرىنىڭ ئۆز يېتەكچىلىرى بار يەرلىك جامائەت توپلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئەرلەر ئىسلامىي ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشكەن ، ھەم ئۇلاردىكى يۈكسەك ئەخلاقى خاراكتېر ئۇلارنى ئالىملىق سۈپىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېتىقادچى ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلغان. جۈمە كۈنلىرى ۋەز-تەبلىغلەرنى قىلىپ دىن، قانۇن، ئەخلاق ۋە ھاياتنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىدىكى ئامما دۇچ كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەرگە يۇقىرى نوپۇزلۇق پەتىۋالارنى چىقارغان. ئۇلار تۇنجى قەدەمدە باللارغا ئەرەبچە ھەرپلەرنى ۋە قۇرئان سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېڭى بىر ئەۋلاد موللا ۋە يېتەكچىلەرنى تەربىيەلەپ غەلىبە قازانغان. بۇ ئادەملەر مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇنغا ئىگە بولغان.

سوفىزم تەرىقىتىگە ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدا، شەيخ مۇتلەق يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، كەشىپ-كارامەتلىرىنى مۇقەددەس ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ھەممەيلەننى بىرلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇلار يۈكسەك سەممىيەت ۋە پەۋقۇلئاددە دىنىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بىر-بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ گۇرۇھلاشقىنى ئۈچۈن خىتاينىڭ دىنسىز ھاكىمىيتى ئۇلارغا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان ئاغدۇرمىچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ ئىشەنمەيدۇ.

1949- يىلدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي تۈستە كونترول قىلدى ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى. ئادەتتە ئىسلام دىنى ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيە ۋە فېئودال قالاقلىق دەپ قارالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتنىكى تەرەققىيات ۋە ئىلىم پەنگە توسالغۇ بولىدىغان كوزىر سۈپىتىدە باھا بېرىلدى. ئاتېئىزمنى بولسا ئاۋام ئېتىراپ قىلغان تەلىمات، ھەم خىتاي مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى تەڭداشسىز مەدەنىيەت دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ مەنىسى بولسا ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئاتېئىزم زىيالىيلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بىلمىسىز. ئۇيغۇرلار بىر ئېتنىك گۇرۇپپا بولۇش

سوۋېتى بىلەن تەرەققىي قىلغان خىتاي مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭىمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا زور كۆپ ساندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما، يەنى چوشقا گۆشىنى تەرك ئەتكەن، ئۆز دىنىدىن باشقا ئادەم بىلەن تويلاشمىغان، كۆندىلىك ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىلەر ساراڭ، جەمئىيەتكە قارشى چىققۇچىلار، قانۇنسىز كۆچلەر، تەتۈر ئىنقىلابچىلار دەپ قاتتىق سوراقلانغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە دىنىي ئالىملارنىڭ، موللىلارنىڭ ئورنى يوقىتىلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، خىتاي تىلى ئۆگىتىش، ئاممىۋىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن مۇتەخەسسىس بولۇش، دۆلەت مەمۇرىي خادىملىرى ۋە يېتىلگەن زىيالىي بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلام دىنىنى ئازراقمۇ ئويلاشمىغان. دەرھەقىقەتكى مۇشۇنداق ئۆلىمالارنىڭ بارلىقى راست . ئۇنداقتا ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئۈمىدلىنەمدۇ ياكى ھۇزۇرلۇق ھېس قىلامدۇ؟ كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تېخىچە يېزىلاردا ياشايدۇ. ئۇ يەردە مەدەنىيەت تەربىيەسى ناھايىتى كەمدىن-كەم ئىشقا ئاشقان. تېخى چەت-ياقا رايونلاردا دىنىي رەھبەرلەر تايانچلىق كۈچ بولۇش بىلەن بىللە، مەسچىتلەر ئاساسلىق ئەسلىھەلىك رولىنى ساقلاپ قالغان. بىر قىسىم دىنسىزلار تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان دۈشمەنلىكلەردىن ئەنسىرىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى ھۆرمىتىنىڭ يۇقۇرىلىقىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا پارتىيەلىك زاتلار ياكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەردىن بولۇپ، مەيلى شۇ يەرلىك بولسۇن ياكى ئۆرۈمچىدىن بولسۇن ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ. ھەتتا بېيجىڭدىمۇ بۇنداق كىشىلەر بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى، دوستلىرىنى، تونۇش-بىلىشلىرىنى ھەر خىل سىياسىي پاراكەندىچىلىكلەردىن، كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان ئىرقىي يوقىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش پائالىيەتلىرىدىن ساقلايدۇ. ھەم ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلارنى تەگشەيدۇ. بىراق بۇ كىشىلەر دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىدە ئۆزلىرىنى «ئاز سانلىق مىللەت» دەپ ئاتاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىنسىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان خىتاي مەركەزچىلىكىنى قوبۇل

قىلغانلىقىنى بەدەل قىلغان.[23] ئەمما، ئۆلىمالار بولسا يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان (بەزى چاغلاردا دىنىي رەھبەرلىك ئورنىنى ئېلىپ) بولۇپ، ئۇلار ئىسلامىي ئېتىقادقا ئىگە ئۇيغۇرلار بىلەن، دىنىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ ئەمەل قىلمايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ھەرگىزمۇ ياراشتۇرغۇچىلىق ئورۇنىنى ئالمىغان.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر رايونىدا ئۆلىمالارنىڭ ئىسلامىي تەربىيەلىنىشى، ئامىمۋىي سورۇنلاردا سۆز قىلىشى، ياكى مەلۇم يازمىلار ئارقىلىق ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنغان. پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا قارايدىغان بولساق رەسمىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان، دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەدرىسە ، يەنى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن ئۈرۈمچىدە بىرسىلا بار. مەكتەپنىڭ بارلىق ئەزالىرى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرى خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. ھۆكۈمەت مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باش ئىشتابىمۇ بېيجىڭغا ئورۇنلاشقان. بۇ يەردىكى تەربىيەلىنىشنى تاماملىغانلار بۇ رايوننىڭ ھەر قايسى قىسمىغا تارقىلىپ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى دىنىي رەھبەر دەرىجىسىدە بولۇپ، ئۇلار يەرلىك قانۇن يۈرگۈزگۈچى تارماقلارنىڭ ۋە دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل خادىملارنىڭ پەۋقۇلئاددە نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ. ئادەتتە مۇسۇلمانلار ئىماملىق ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقانلارنىڭ چوڭ بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە ماسلاشمىسا ياخشى كۆن كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چاقىرىقلىرىنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئىماملارنىڭ ئامالسىز ماسلىشىۋاتقانلىقىنى بەك ئەيىبلەپ كەتمەيدۇ. ناۋادا بىرسى بىرەر ئۆلىمانىڭ مەخپىي ھالدا ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ قىلغانىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىياسىي مەسىلىھەت كېڭەش ئورۇنلىرىدىكى خادىملارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. لېكىن بۇ ئاز ساندىكى ئەھۋال بولۇپ، بىز كۆرۈشكەن ۋە بىزدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇشقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يەنىلا بىلىملىك مۇسۇلمان كىشىلەردۇر.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا ساياھەتچىلەرنى رەسمگە

(23) نۇرغۇن ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ئىلىم ئەھلى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنىسىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. ھەتتا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «بىز» ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بەرمەيدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ.

تارتىش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەر دائىم ساقال قويۇۋالغان، سەللە ئارتقان يەرلىك ئىماملارنى رەسىم جازىلىرىغا ئېلىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. «ئۇلار بىزنىڭ ئىماملىرىمىز» دەيدۇ بىر ياشانغان ئۇيغۇر فوتوگراف راۋان بولمىغان خىتاي تىلىدا. ئېنىقكى ئۇلار ئاشۇ ئىماملارنى قەشقەردىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغىنى ئېنىق. بىراق، ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىرى ئاشۇ مەسچىتلەردىكى ئىماملار نىڭ ھاكىمىيەت كۈچلىرى بىلەن يېقىندىن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ساتقىنلىق قىلغانلىقى ۋە نومۇسسىزلارچە ھاكىمىيەت كۈچلىرىگە چوماقچى بولغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. جۈمە كۈنى ۋە باشقا ئارام كۈنلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بارلىق ئىماملار ھۆكۈمەت خادىملىرىدۇر، بىراق كىچىك قوشنا مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى بولسا ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمايدۇ. ئۇلار خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تاللانغان. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىسلامى تەربىيەلىنىشى خېلىلا ئىشەنچلىك ئىكەن. بىراق ھۆكۈمەت جاسۇسلىرى ئۇلارنىڭ ھەر خىل دىنىي تەشۋىقاتلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ھەرىكەتلىرىگە كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. قەشقەر ياكى ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ھەر قانداق كىچىك كوچىلىرىدا بولسۇن كىچىك مەسچىتلەر بار بولۇپ، ئۇ يەردە يەرلىك ئىماملارنىڭ چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. بىراق ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى، يەنى دىنىي ئىشلارغا پەتىۋا بېرىشى ، ھەم ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى رەزىل ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن.

## شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى

20- ئەسىرگىچە شىنجاڭدىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىرلا تىل قوللىنىدىغان ھەتتا ساۋاتسىزلىق ئەۋج ئالغان بىر ئەھۋالدا ئىدى. ناۋادا ئۇلار يېزىش ياكى ئوقۇشنى ئۆگىنىدىغان بولۇپ قالسا، مەدرىسلەردە ئەرەبچە، ياكى پارسچە ئۆگىنەتتى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قازان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلانغان جەدىدىزىم ھەرىكىتى ھازىرقى زامان ئىسلام مائارىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە رۇس ۋە تۈرك تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى زامان تىلنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن شىنجاڭدا 1950- يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن مىللەتنىڭ سەركىلىرى خىتاي تىلى، رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا

خەلقئارالىق تىللارنىمۇ ئۆگەنگەن.

يېقىنقى 10 يىلدا بۇنداق ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەردى. ئۇيغۇرلار ھازىر مەكتەپلەردە خىتاي تىلى ئۆگىنىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايچە بىلىملەرگە نىسبەتەن سۇس قارايدۇ. ھەرگىزمۇ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىمايدۇ. مائارىپتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشلار ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكى سۈپىتىدە قارىلىپ، ئۇلارنىڭ غەزەپ نەپرىتىنى بوشاشتۇرالمىغان.[24]

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەسچىتلەردە ۋە ئۆيلەردە قانداق تەربىيەلەش ، ھەم ئېتىقاد بوشلۇقىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش تەخىرسىز مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ مەسىلە ئىسلام دىنى بىلەن بولغان باغلىنىشنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغان، مىللىي كىملىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلامىي تىل ئاساسىغا ئىگە بولمىغان ئىسلام دىنى ئەنئەنىسىنىڭ بالىلارغا يۇرگۈزۈلۈشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار بالىلىرىنى پۈتۈنلەي خىتاي تىل مۇھىتىدا تەربىيەلەشنى تەلەپ قىلسۇن ياكى تەلەپ قىلمىسۇن، ئاتالمىش خىتاي تىلىدا تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلار (مىن كاۋ خىتاي) يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى مۇھىم بىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ خېلى يۇقىرى ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىيەلمەيدۇ، ھەتتا يازالمايدۇ. يەنە كىچىكىدىنلا خىتايلارغا مايىل قىلىپ تەربىيەلەنگەنلەر دىنىي ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلىرىغا كۆپ يامان تەسىرلەرنى قالدۇرغان. مەلۇم بولۇشىچە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار دائىم خىتايچە سۆزلىيەلەيدىغان چەتئەللىكلەر بىلەن خىتايچە سۆزلەشمەستىن ئىنگلىزچە سۆزلىشىدىكەن. ھەتتا بەزى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتلەرگە بارغاندا خىتايچە سۆزلەشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان. گەرچە چەتئەللىكلەر خىتاي بولمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن.

كۈنىمىزدە تۈرك، پارس ۋە ئەرەبچە ماتېرىياللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ئەمگەكلەرمۇ خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار ئۈچۈن قىممەتلىك بىلىنىدىغان بولدى. نۆۋەتتە ئاشۇ خالىس ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقارغان ئاكادېمىيەلەرگە ھەم كۆپ رەھمىتىمىزنى

(24) ساھاران ئافرىقا رايونىدىكى داڭقى چىققان فىرانسۇز ، پورتۇگال ۋە ئىنگلىز تىلى مۇنازىرىسىمۇ موشۇنىڭغا ئوخشاش پوزىتسىيەنى ئىپادىلىگەن.

بىلدۈرمىز. رېئاللىق نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ پېشانىسىگە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنىڭ ئارتۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقىنى مەجبۇرىي تېڭىشقا باشلىدى. خىتايلار تۈركۈملەپ بۇ زېمىنغا كۆچۈشكە باشلىغاندا، ئالىيبۇرۇن شىركەتلەر ۋە ئاممىۋى ئەمگەك مۇلازىمەت سىستېمىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىن كېتىپ بولغان ئىدى. يەنە كېلىپ خىتاي تىلى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى سودا سىستېمىسىدا ئانا يۇرتىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. دەسلەپكى مەزگىللەرنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھۆكۈمەت يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى خالىمىدى. ھەتتا ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنى ئىسلامغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان بىر ھالغا مۇپتىلا قىلدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەۋقەسى بويىچە تەربىيەلەنگەن قىزلار، مەكتەپلەردە باش كىيىمنى ئېلىۋېتىش ۋە قىسقا كىيىملەرنى كىيىشتىن ئىبارەت ئۆز دىنىنىڭ ماھىيىتىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىشقا زورلاندى.

## شىنجاڭدىكى دىنىي مائارىپنىڭ ئەھۋالى

ھۆكۈمەت ھازىر 18 ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق ۋە مەسچىتكە كىرمەسلىك ھەققىدە قاتتىق بېسىم بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەر قانداق جايدىكى چوڭ-كىچىك مەسچىتلەرنىڭ كىرىش ئىشىكىگە قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرمەسلىك ھەققىدىكى بەلگىلىملەر چاپلاقلىق. بۇ بەلگىلىملەر جەمئىيەتتىكى بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە، ئىسلام دىنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىدىغان ياش-ئەۋلادلارنى ۋەيران قىلىشنى ئۆزىگە بەدەل قىلىدۇ. يەنەكېلىپ مەدەنىيەتتىن ياتلاشتۇرۇشنى تېزلەشتۈرىدۇ. چوڭ مەدەنىيەت تەرىپىدىن قايىل قىلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بولسا ئىسلامدىن يىراقلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ۋە زامانىۋىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئاتا-بوۋىلىرى قەدىمدىن تارتىپلا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلامي ئەھكاملارنى ئادا-قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنسىزلىق ئىدېئولوگىيەسىگە مەھلىيا بولۇپ قىلىشتى، ياكى مۇستاپا كامالنىڭ دۆلەتچىلىك ئىدىيەسىگە قىزىقىپ قالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەلەيلىك ئۇيغۇرلاردىن ھۆكۈمەتنىڭ تىزىملىكىدە «ئاز

سانلىق مىللەت»، «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خەتلەنگەنلەر، ئىسلامىي ھاياتقا قارىغاندا ۋاقتى ئۆتكەن ئۆرپ-ئادەتكە بەكرەك مايىل كېلىدۇ. مەلۇم بىر ئادەمنىڭ بىزگە ئېيتىشىچە، ئۇ قىزىغا ئىسلامىي مائارىپ تەربىيەسى بەرمىگەن. بىز ئۇلارنىڭ خىتايچە ئارىلاش سۆزلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. قىزىغا نىسبەتەن خىتايچە ئۆلچەملىك سۆزلەش نورمال ئىشقا ئايلانغان بولۇپ، دادىسى ئۇنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرغان. گەرچە نۇرغۇن توسالغۇلار بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا چەتئەلگە چىقىپ ئۆگىنىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈلمە ئىجرا بولۇۋاتقان شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچ ياكى شۇنداق رول ئېلىۋاتقان بىر كۈچ دەپ قارىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆيلىرىدە بالىلىرىغا دىنىي قائىدىلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان بىر ئادەمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىشى گەرچە ناماز ئوقۇمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە كىچىك ئوغلى كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئۆتەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بالىسى مەكتەپكە بارغاندىن باشلاپ ئاشكارا دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلىنىشكە باشلاپتۇ. نائېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەر ئاستى دىنىي ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىدە ۋە ئائىلىلەردە مەخپىي دىنىي تەشۋىقات ۋە تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىماملارنى ھۆكۈمەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ساقچىلىرى كۆزىتىدىكەن ھەم تۇيۇقسىز سوراقلايدىكەن.

ئادەتتە، «شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلىنىۋاتقان كىچىك مەخپىي تەشكىلاتلار، دۆلەت سىرتىدىكى ئىسلامىي كۈچلەردىن مەدەت ئالىدۇ. ئافغانىستاندىكى تالىبان (2001- يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە)، ئىسلام ئازادلىق تەشكىلاتى، ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى، پاكىستاندىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار شىنجاڭدىكى ئىسلامىي تەلىم-تەربىيەلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.»[25] شۇڭىمۇ بۇ ھەقتىكى ئازراقلا پاراڭ بولىدىكەن، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلىق جىنايىتى ۋە ياكى خىتايلارغا قارشى تۇرغانلىق جىنايىتى باھانىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيانە باستۇرۇلىشىغا ئۇچرايدۇ. خىتاي چېگراسى سىرتىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاتېئىست بولسىمۇ، تەشكىللىك تۈستە ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرنى قوللايدۇ. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى بۆلگۈنچىلەر،

(25) «شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇقىملاشتۇرغان تېررورچى تەشكىلاتلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىيەتنى ھېچكىم ئىسپات بىلەن ئوتتۇرىغا قويمىغان.

تېررورچىلار، «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاشقۇن كۈچلەر» دەپ ئەيىبلەيدۇ. مەيلى نىمىلا دېمەيلى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بىخەتەر دەپ قارالغان مەدرىسەلەر بولسۇن، ياكى يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەر بولسۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلامىي تەلىم-تەربىيە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى نامايان قىلىشتىكى كۈچلۈك قورال بولغان. ھەم ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنەرلىك توقۇنۇش بەلبېغىغا ئايلانغان. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى دىنىي يېتەكچىلىك ساھەسىدە كۈچلۈك بىر ئېقىم دەپ سانىلىۋاتقان سوپىزىم ھەققىدە، دۆلەت شۇنچە قاتتىق كونترول قىلىسمۇ ئۇلارنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ يىغىلىشلىرىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقانلىقىدىن باشقا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان بىرەر نوپۇزلۇق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

## دىنىي مۇراسىملار

ئىلگىرى شىنجاڭغا كەلگەن چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەرگە ئوخشاش، بىزمۇ دىنىي مۇراسىملاردا مەسچىتكە كېلىپ قاتنىشىدىغانلار ھەققىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىدۇق. ھەم دىنىي مۇراسىملار ھەققىدىكى تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئىسپاتلارنى ئېلىش بىلەن كۇپايىلەندۇق. شىنجاڭدىكى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر يېزىسىدا ئۆز لايىقىدا مەسچىتلەر بار. بۇ بىر مۇسۇلمان جامائەسى ئۈچۈن نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسچىتلەردە ياشانغان كىشىلەر ئىزچىل ھالدا باشقىلارنى ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئەزان توۋلايدۇ. لېكىن بۇنداق ئەزان توۋلاش مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرىدا ۋە مەسچىت ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە تۆۋەن ئاۋازدا ئىجرا ئېتىلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدە، دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بولسۇن، ياكى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدە ياشايدىغان خۇيزۇلار بولسۇن بىردەك چوڭ ياڭراتقۇلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ئەزان توۋلايدۇ. ئېنىقكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ناھايىتى كۈچلۈك كونترول سىستېمىسى ئارقىلىق ھەر كۈنلۈك دائىمىي ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىمۇ قاتتىق چەكلىگەن. كۆزەتكۈچىلەرگە ئايان بولۇشچە، شەھەر مەركەزلىرىدىن يىراق يېزا -قىشلاقلاردىكى ياشلار نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، گەرچە ئەزان ئاۋازى شۇنچە تۆۋەن بولسىمۇ قولىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ ئۆزلىرى يالغۇز ، ياكى توپ-توپ بولۇشۇپ ناماز بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. جۈمە نامىزى ئۆتەيدىغان چاغدا مىڭلىغان كىشىلەر شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتكە جەم

بولىدىكەن. ھېيت-بايرام كۈنلىرى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنىڭ كوچا دوقمۇشلىرى ئېتىقادچى ئامما بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن. ھېيتگاھ ۋە ئاپئاق خوجا مازىرىدا جۈمە كۈندىكى تەبلىغلەرگە مىڭلىغان ئامما قاتنىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھېيت-ئەييامىلاردا ئونمىڭلىغان ئامما مەسچىت ئەتراپىدىكى مۇھىم كوچا دوقمۇشلارغا يىغىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق چاغلاردا خىتاي ساقچىلىرىمۇ قاتناش تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كېلىدىكەن. ھېيت-بايراملاردىكى بۇنداق قاينام تاشقىنلىقنى خىتاينىڭ خۇيزۇلار رايونىدىمۇ كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ ۋە لەنجۇدىكى چوڭ مەسچىتلەر مىڭلىغان كىشىلەرنى سىغدۇرالايدۇ.[26]

زور كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار ئىسلامىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى خىتايلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك پەرھىز ئادەتلىرىگە ناھايىتى سەزگۈر مۇئامىلىدە بولىدۇ. خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان دوستلىرى ياكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرگە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا چوقۇم «مۇسۇلمانچە تاماق» بىلەن مۇسۇلمانچە بولمىغان تاماقلارنى ئايرىپ بۇيرۇتىدۇ. كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئاممىسى خىتايلار تەرىپىدىن تەييارلانغان تائاملارنى يېيىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلامىي پەرھىز-ئادەتلەرگە رىئايە قىلمىغان ھەرقانداق سورۇنلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يېمەيدۇ. لېكىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خىتاي مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەرھىز-ئادەتلىرىنى بۇزۇپ، خىتايلار بىلەن ئولتۇرۇش-قوپۇش قىلىدىغان، تاماق يەيدىغان، ھاراق ئىچىدىغان ئادەتلەرنى پەيدا قىلغان.[27] بۇ نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى ئاخبارات-ۋاستىلىرى بۇنداق ئىشلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېقىندا شىنجاڭدىكى خېلى نوپۇزى بار بىر خىتاي-تىلىدىكى ئاڭلىتىش قانىلىدا خىتاي سانائىتى تەرەققىياتى ھەققىدە بىر پىروگراما تارقاتقان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى بىر قورال-جابدۇق قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ پىروگرامىنىڭ تېكىستىدە ئوچۇقتىن-ئوچۇق مۇسۇلمانلارنى كەمسىتكەن خاھىشلار بار. يەنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان ئەركىن، ھۆر مۇسۇلمانلار بىلەن

(26) گاردېنېر بوۋىڭدون نىڭ «ئۆز ۋەتىنىدىكى سەرگەردان ئۇيغۇرلار»، 2002- يىلى يازغان دوكتورلۇق ماقالىسىگە قارالسۇن.

(27) گاردېنېر بوۋىڭدون نىڭ «ئۆز ۋەتىنىدىكى سەرگەردان ئۇيغۇرلار»، 2002- يىلى يازغان دوكتورلۇق ماقالىسىگە قارالسۇن.

سىلىشتۇرما قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى ئىجتىمائىي ئەخلەت سۈپىتىدە كۆرسەتكەن.

رامىزان مەزگىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ سىياسىي قارارىنى ئىجرا قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىدىغان ناھايىتى مۇھىم ۋاقىتتۇر. بىر ئاي رامىزاندا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار چوقۇم سۈبھىدىن شام نامىزىغىچە روزىدار بولىدۇ. رامىزان ياز كۈنلىرىگە توغرا كەلگەن چاغلاردا بولسا ناھايىتى قىيىنچىلىق ئىچىدە روزىنى ئادا قىلىدۇ. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىدە بولسا مەخسۇس دىنىي خادىملار ۋە شەخسىي شىركەت خادىملىرىلا روزا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىراق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ بىلدۈرىشىچە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، مەمۇرلار ۋە مەكتەپ يېشىدىكى باللارغا رامىزان مەزگىلىدە مەخسۇس تاماق تەييارلىنىپ يېيىشكە زورلىنىدىكەن. تاماقنى يۈتقانلىقى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزىنىڭ نورمال خىزمىتى ۋە ئوقۇشى ساقلىنىپ قېلىنىدىكەن. بۇ ھەقتە بىر ئۇيغۇر مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلار ئادەتتە ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەر ئۈچۈن مۇنداق تاماقلارنى تەييارلىمايدۇ. بىراق رامىزان مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنى روزا تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.» رامىزان مەزگىلىدە مەخسۇس ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەييارلانغان تاماقلارنى يېيىشنى رەت قىلغان خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار كۈچلۈك رىجىمغا دۇچ كېلىشى، ھەتتا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە ئوقۇش ئەۋزەللىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. دېمەككى، بۇ يەردە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق ئاۋامنىڭ نەزىرىدە سەزگۈر ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ چاغلاردا يا داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ تۇتقان روزىسىغا سادىق بولۇشى كېرەك، ياكى بېسىمغا باش ئېگىپ تاماقنى يېيىشى كېرەك. خىتاي بۇ ئارقىلىق قالاقلىقنىڭ تىمسالى بولغان ئىسلام ئەقلىيلىككە ۋە ھەممىگە قادىر پەن-تېخنىكىغا يول بېرىشى كېرەك دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ساقچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ كەچلىك ئىپتارلىق ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىشىشنى چەكلەيدۇ. شۇنداقلا گۇگۇم چۈشكەن ھامان ساقچىلار 18 ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ۋە كىمنىڭ روزا تۇتقان، كىمنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ھەم دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈمىگە قارشى چىقىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈش باھانىسىدە نازارەتنى كۈچەيتىدۇ.

## ئىسلام دىنى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم رولىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئورنىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردىكى كىملىك ئۇقۇمى ئۆزگىرىشچان مەنىگە ئىگە ئۇنسۇر بولۇپ، ئۇ ئۆزگىرىشچان سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، مەدەنىي، تارىخىي ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جەملەنمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەرب ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئەڭ كەم دېگەندە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق بەش خىل ئۇقۇم بىلەن تەبىر بېرىش مۇمكىن ئىكەن. قارايدىغان بولساق، بىر «ئۇيغۇر» مىللىي تەۋەلىك ياقىدىن بىر ئۇيغۇردۇر؛ ئاندىن ئۇ بىر مۇسۇلمان؛ ئاندىن ئۇ تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر تۈرك؛ يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بوستانلىق شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى (مەسىلەن: قەشقەر، تۇرپان ۋە ئاقسۇ)؛ ئاخىرىدا يەنە ئۇ بىر خىتاي پۇقراسى. بىراق بۇنداق كىملىكنىڭ بولۇشى ناتايىن.[28] ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ قايسى تەرەپتىكى ئىپادىسىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولۇشى ۋە قايسى چاغدىكى ئىپادىسىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولۇشى ئەمەلىي ئەھۋال ۋە كونكرېت ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

كۈنىمىزدىكى شىنجاڭ رايونىدا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئىسلامىي كىملىك ئېڭىنى ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر» لۇق چۈشەنچىسىدىن كۆپ قەدىمىي تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىنورماللىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى مىللىي دۆلەتلەر قۇرۇلۇشتىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىمۇ كىملىك توغرىسىدا سوئاللار سورالسا ئوخشاشلا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ھەم مۇسۇلمان ھەم ئۆزى ياشاۋاتقان رايوننىڭ بىر پۇقراسى دەپ قاراپ جاۋاب بېرىشەتتى. تىل (ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان) ھەرگىزمۇ مىللىي مەسىلە ئەمەس، ئۇ پەقەت مىللىي توپلار ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەلۇم بىر تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىراق بۇ مىللىي

(28) جوستىن رۇدېلسون: «بوستانلىق كىملىكى: يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى»، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل.

ئالاھىدىلىك يات مىللەت (شىنجاڭدا ، يات مىللەت خىتايلارنى كۆرسىتىدۇ) لەرنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىغان. شۇ سەۋەبدىن، شىمال ۋە غەربتىكى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ تارىخىي باردى-كەلدىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا كەلتۈرۈپ قويغان. يەنە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ شەرقىي چېگرا رايونلىرىدىكى خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان تىل ۋە ئوخشىمىغان دىنغا ئىگە ئېتنىك گەۋدىلەر ئارىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي كىملىكى ئىزچىل ۋە پەۋقۇلئاددە گەۋدىلىك بولدى.

كوممۇنىزىمدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا، تۈركىي-تۈركىي خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىغا ئەمەس، بەلكى دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەھدىت. ئۇلار بۇ خىرىسنى يېڭىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇلارنى خىتايلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان تىل، مەدەنىيەت ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەسىلەن، جۇمە نامىزىغا قاتناشقۇچىلار ئاڭلىق ھالدا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي توپىنىڭ ھاكىمىيەتلەق خىتاي پۇقرالىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇڭىمۇ ھۆكۈمەت بالدۇرلا ئوتتۇرۇش چىقىرىپ، بۇ رايوندىكى ئاممىۋى مائارىپ ھەم دۆلەت مەمۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن مەجبۇرىي ھالدا دىنسىزلىششىنى ھەم ئىسلامىي پائالىيەتلەردىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى ، ئويغانغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئازابلىق بىر تاللاشتۇر.

دەرھەقىقەتكى، بىز ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىششىنىڭ يىلتىزى دەپ يەكۈن چىقارساق بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش تولىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 9 مىليوندىن 10 مىليونغىچە بولۇپ، ئۇلار خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلاردۇر. خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىملىك ئوبرازىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ قان سىستېمىسى ، ئىسلام دىنى ۋە ئورتاق تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن، خىتايدىكى تولۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر

مىللەتكە ئايلانغان.[29] خۇيزۇلار خىتاينىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن ۋە نىڭشىيا قاتارلىق جايلارغا بەكرەك توپلاشقان. ئومۇمەن خۇيزۇلاردا بۆلگۈنچىلىك غەرىزى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي سۆز-ھەرىكەتلىرى دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزمەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭىمۇ 1978- يىلدىن بۇيان ئۇلار دىنى جەھەتتىن قاتتىق رىجىمغا ئۇچرىماي كەلگەن.[30] بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ پەرقى پەقەت دىنىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تىل، مەدەنىيەت ۋە تارىخىي كەچمىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.[31] ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەتكە ياندىشقان ھالدا شەكىللەنگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى پەقەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىلا كۆرۈلمەستىن، ئەڭ مۇھىمى ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بىر گەۋدىلىششىدە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىنقىلابىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا مۇنداق زىددىيەتلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ. تارىختىكى بارلىق ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلىك، ئايرىمچىلىق ۋە مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدە يېتەكچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن ئاۋام ئۇيغۇرنىڭ تۇتىدىغان ئورنى پەرقلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارنى جەلپ قىلىشى نىسبەتەن ئاز بولغان. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەن جەريانىدا ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئامىلغا سەل قارىغان. ئۇلار يەنە

(29) ھەر خىل مىللىي ئالاھىدىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خۇيزۇلار كۈچلۈك ئوبرازغا ئىگە. ھۆكۈمەت بۇلارنى كۈچلۈك قوللايدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خۇيزۇلار ھەقىقىي مىللەت ئەمەس. ئۇلار ئاساسەن خىتايلارغا ئوخشايدۇ. خىتاي مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىگە تارقالغان دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى «بۆلۈپ ئىدارە قىلىشقا قولاي بولسۇن» ئۈچۈن ئونىغا يېقىن مۇستەقىل مۇسۇلمان مىللەتنى سۈنئىي ھالدا ياساپ چىققان دەپ قارايدۇ.

(30) بۇ يەردە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار دىنىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلىرى ئىسلام دىنى خۇيزۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل دېسە، يەنە بەزىلەر خۇيزۇلارنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە مەزكۇر مىللەتنىڭ خۇيزۇلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، مۇسۇلمان بولۇش بولماسلىقى بىلەن ھىسابلاشماستىن ، ئاز سانلىق مىللەت دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىدۇر.

(31) خۇيزۇلارنىڭ خىتايدىكى باشقا مىللەتتىن ئايرىلىپ چىققانلىقى ناھايىتىمۇ مۇجمەل ۋە ئاسان مۇنازىرىگە سەۋەب بولىدىغان بىر مەسىلىدۇر. گەرچە كۆپ ساندىكى خۇيزۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ پارسلار ۋە ئەرەبلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، خىتايغا دەسلەپتە كەلگەن ئەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇپ ياشىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلار خۇيزۇلارنىڭ «خىتايچە» ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىشى شۈبھىسىزدۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا خۇيزۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېتىقادچى ئامما بولۇپ تەشكىللىنىدىغانلىقىغىمۇ گۇمان بىلەن قارايدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا بىر قىسىم جايلىرىدىكى زىيالىيلارغا ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئىسلام دىنىنى «زامانىۋىلىشىشنى بوغۇپ، ئۇيغۇرلارنى پاسسىپلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلار ماركسىزملىق ئىسلام دىنى قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋشى كېرەك. ئىسلام كۆپچىلىككە تەسەللىي بېرىدىغان ناركوز دورىسى»[32] دەپ تەشۋىق قىلغان. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر كامالىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاشقۇن دۇنياپەرەستلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنداق پىكىر ئېقىمى دىنىنى بىر خىل ئارقىغا چېكىندۈرىدىغان كۈچ دەپ قارايتتى .

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىر غەربتە (گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىدا) ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر مىللەتچى زىيالىيلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركەزلىك رولى پۈتۈنلەي تۆۋەنلىگەن. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قانداق ئىلتىجالىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى بىر ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئادەتتىكى بىر كىچىك تەشكىلاتىنى «تېرروررچى تەشكىلات» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە قايىل قىلىشى ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ رادىكال ئىسلامغا زەربە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاۋاتقاندا، بۇ خىل «زەربە بېرىش تاكتىكىسى »نى رۇس ھۆكۈمىتى چېچىنىيەدىكى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجاھىدلارغا زەربە بېرىشتە ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا قوللىنىپ، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن سىياسىي ئۆكتىچى كۈچلەرگە دۇچ كەلگەندە، دائىم ھەممىسىنى «ۋاھھابىزمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى» ياكى «دىنىي ئەسلىيەتچىلەر» نىڭ تەسىرىنى بەختلىك ۋە تىنچ ياشاۋاتقان خەلققە كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى . ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان كۆز قارىشىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، بولۇپمۇ 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ خىل سىياسەت كۆرۈنەرلىك غەلىبە قازانغان ئىدى. شۇ سەۋەبدىن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئالاھىدىلىكىدىكى ئىسلام ئامىلىنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا بىر دانىشمەنلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى (بولۇپمۇ چەتئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر

(32) جوستىن رۇدېلسون: «بوستانلىق كىملىكى: يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى»، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل، 136- بەت.

زىيالىيلىرى) بۇ«سوغۇققان ئىسلام» نى سەلبىي تەرەپتىنلا چۈشۈنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگىرىۋاتقان مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم سىياسىي كۈچ مەنىسىگە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىغا سەل قارىغان ئىدى. نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئىسلام دىنى سىياسىي جەھەتتىكى قارشىلىقنى بىلدۈرىدىغان قورال سۈپىتىدە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدە ئويناۋاتقان رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ . مەسىلەن، ياۋروئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى مەۋجۇت رېئاللىق بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. پەلەستىنلىكلەر ئىسرائىلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشتە، بوسنىيە ۋە كوسوۋو مۇسۇلمانلىرى سېرب ئورتودوكسلىرىغا قارشى كۈرەشتە، چېچەنلەر رۇس كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەشتە، كەشمىرلىكلەر ھىندىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشتە، فىلىپپىندىكى موروسلار خرىستىيانلارغا قارشى كۈرەشتە ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارغا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشتە بۇ خىل يوسۇن يەنىلا ماس كېلىدۇ. بىز بۇ خىل ھۆكۈمرانلىقنى مەيلى كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقى دەپ ئاتايلى، ياكى يېڭى كۇڭزىچىلىق، ۋە ياكى كېيىنكى بۇددىست ھۆكۈمرانلىقى دەپ ئاتايلى ئوخشاشلا خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدۇر. يۇقىرىقىلاردا دېيىلگەنىدەك، ئىسلام دىنى دىنىدىن خالىي مىللەتچىلىككە دىنىي رەڭ ۋە ئومۇمىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھېسسىي ئامىل تەقدىم قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىراق كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتكە قارىغىنىمىزدا،  بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭدا پەيدا بولغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئەمدى بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق نەرسە، ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان  بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدەك شاخلىنىپ باراقسانلىشالامدۇ- يوق؟ خىتاي ھۆكۈمىتى مەيدانىغا كەلتۈرگەن كۈچلۈك كونترول ۋەزىيىتى ئاستىدا ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولالامدۇ بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدۇر. خىتايدا شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار قاتتىق رېجىم ئاستىغا ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رولى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش بەك تەس. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىشتە ئوينايدىغان رولىنى ئىنكار قىلىپ باققان ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئاڭلىغىنىمىز بولسا، ئىسلامىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جۈمە كۈنى مەسچىتكە بېرىش ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئوبرازىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەربىيە جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. كۆزەتكۈچىلىرىمىزنىڭ مۇقىملاشتۇرۇشىچە، ئۇيغۇرلاردىكى تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلام دىنى ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ، ئائىلىۋى زوراۋانلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئورتاق گەۋدىسىگە يامراۋاتقان تۈرلۈك « ھازىرقى زامان كېسەللىك » نى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك رېتسېپتۇر.

ئېنىقكى، بارلىق ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلارنىڭ مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇشىنى چەكلىدى. ئاۋامنىڭ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىشىغا چەك قويىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىغا كۆرۈنەرلىك ھالدا چەكلىمە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. دەرھەقىقەتكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا «ياخشى ئىسلام» نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام دىنىنىلا ئەمەس، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ كىچىك ھۆجەيرىلىرىگە قەدەر قاتتىق چەكلىمەي بولمايدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوننىڭ تۇرمۇشى ۋە ئاخىرقى غايىسىگە دۇنيا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ باھا بېرىش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

ئىسلامىي قارشىلىق كۆرسىتىش نامى بىلەن خاراكتېرلەنگەن 2001- يىلدىكى 11- سېنتەبىر ۋەقەسى دۇنيادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنى تېررورىزمدا ئىسلام مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ دېگەن ئورتاق كۆز قاراشقا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇش ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشنى باھانە قىلغان ئۆزۈمچىل قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلقئارالىق مۇناسىۋەتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى قايتىدىن تەشكىللەندى. دەل مۇشۇنداق بىر پۇرسەتتە، مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىگە ۋە ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە سىياسىي تەشكىلات تېپىدىكى مەسىلىگە دۇچ كەلگەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھارام پايدىسىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى ئىسلام تېرروچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەشۋىقاتتىن نومۇسسىزلارچە پايدىلىنىۋەردى.

يەنى ئىسرائىلىيە، رۇسىيە، فىلىپپىن، مىسىر، ئالجىرىيە، تۇنىس، ھىندىستان ھەتتا خىتايمۇ بۇ تاكتىكىدىن پايدىلاندى. تېرروررىزىمغا قارشى ئۇرۇش ناھايىتى تېزلا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭدا كۆپ پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىۋاتقان بىر چاغدا، ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى تالىبانلارغا زەربە بېرىۋېتىپ، بىرلەشمە ئارمىيە ساناقلىقلا ئۇيغۇر جەڭچىلەرنى تۇتۇۋالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىنىي تەربىيە ئېلىۋاتقان، بەزىلىرى پارتىزانلىق ۋە تېرروررلۇق مەشقلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتقان تەرزدە كۆرسىتىلدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. بىراق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى سۈپىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىستاندىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان دىنىي مەدرىسەلىرىدە ۋە ئافغانىستاننىڭ مەشىق بازىلىرىدا پەيدا بولۇپ قىلىشى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر جەڭچىلىرىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ۋاشىنگتوننىڭ نۆۋەتتىكى سىياستى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك» داۋراڭلىرىغا مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارىدىغان قاتتىق قول سىياستىگە قولايلىقلارنى كەلتۈرۈپ بەردى.

ئافغانىستاندا تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالى ۋە سانى ھەققىدىكى بايانلار ئوخشاش ئەمەس. بىراق بېيجىڭ ۋە ۋاشىنگتونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئىش ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مەنە بەكرەك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ئېنىق ياكى ئېنىقسىزلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس. 1999- يىلىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر نەپەر شىنجاڭ مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جيەن مىن 10000 ئەتراپىدا ئۇيغۇر پاكىستانغا بېرىپ «دىنىي تەربىيە ۋە ھەربىي تەلىم تەربىيە» ئالدى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 2002- يىلى 5- ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى تەخمىنەن 1000 نەپەر ئۇيغۇر تالىبان مەشىق بازىلىرىدا تەلىم-تەربىيە ئالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زور كۆپچىلىك ئۇيغۇر شىنجاڭغا قايتىپ بۆلگۈنچىلىك كۈرىشىگە قاتناشقان دەپ ئېلان قىلدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە 20 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئافغانىستاندىكى ئامېرىكا ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، تەخمىنەن 300 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەم بۇنىڭغا بىر نەپەر ئۇيغۇرنىڭ كۇبادىكى گۇانتاناموغا قامىلىپ سوت قىلىنغانلىقى

ئىسپات قىلىندى.[33] ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئافغانىستاندا جەڭ قىلىۋاتقاندا، نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئافغانىستاندىن پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا قېچىپ كەتكەن. 2002- يىلى 6- ئايدا خىتاينىڭ بىر ھەربىي ئەمەلدارى ۋاشىنگتوندا 400 نەپەر ئۇيغۇر ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشتى دەپ جاكارلىدى. 2001- يىلى 11- ئايدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى «ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئالىقاچان خەلقئارالىق تېررورىزمنىڭ تەلىم-تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ بولدى. شۇڭا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش خەلقئارالىق تېررورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ بىر قىسمىدۇر» دەپ جاكارلىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يەنە ئۇچۇرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە يولى، ھەم يېتەرلىك ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ «خىتاي چېگراسى ئىچىدىكى ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەرگە تەمىنلىنىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە باشقا ياردەملەر چەتئەلدىن كەلگەن»[34] دەپ جاكارلىدى. خەلقئارا چوڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ جاكارلىشىچە، «11- سېنتەبىر » ۋەقەسىدىن بىرى خىتاي ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە 10 مىڭلىغان ئۇيغۇرنى شىنجاڭدا قولغا ئالغان.[35]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەشتە، خىتاي ھۆكۈمىتى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 2001- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، خىتاي ، رۇسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ رايونلاردىكى «تېررورىزم» غا قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى نامى بىلەن كېڭەيگەن قوراللىق زوراۋان كۈچلەر ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت. 11- سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تىپىدىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جۇ باڭ زاۋ 2001- يىل 11- ئاينىڭ 14- كۈنى ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاق دۆلەتلىرىگە بىر تىزىملىك تاپشۇردى. تىزىملىككە ئافغانىستان، ئوتتۇرا

(33) «خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاداۋەت ئوتىنى پەسەيتتى»، سودا ھەپتىلىكى گېزىتى، 2002- يىل5- ئاينىڭ 29- كۈندىكى سان.

(34) «خىتاي تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ»، بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، 2001- يىل، 12- ئاينىڭ 14- كۈنى.

(35) مەلۇم ھۆكۈمەت، ياكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ۋە ياكى ژۇرنال ئاخباراتى ئورۇنلىرىنىڭ ئاشۇ مەسىلىسى بار ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تەۋەلىكىدىن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر توپلىرىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىشىمۇ بەك تەس.

ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا جايلاردىكى 10 تەشكىلاتنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن. باياناتچىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ 10 تەشكىلات خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋېتىپتۇدەك.[36] بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بىخەتەرلىك ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق 2001-يىلى كۈزدە ئامېرىكا ھەربىي قىسىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. بۇ خىتاينىڭ بىر يۈرۈش يىرىك پىلانىغا تەھدىت ئىدى. يەنە كېلىپ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ھەربىي قىسىملىرى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندا ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ خىتاينىڭ مەركىزى رايونلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئارزۇسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى مۇھىم سىياسىي مەنىگە ئىگە ئىدى. دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئوخشاش بىر رايوندا ئوخشاش مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ياردەم بېرىپ، ھەم ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن بىۋاستە رىقابەتلىشىپ غەلىبە قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

گەرچە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاشىنگتون 2001-يىلى دېكابىردا قوش تەرەپلىك مەخپىي ھەمكارلىق ئىمزالىغان بولسىمۇ، ۋاشىنگتون بېيجىڭدا بىرلەشمە تەكشۈرۈش باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغان چاغدا، ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئورتاق قاراشقا كېلەلمىدى. ئامېرىكىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى گېنېرال فىرانسىز تايلور (Francis Taylor) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تالىبانغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت جەريانىدا ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورىست دەپ قالپاق كىيگۈزۈۋاتقانلار بىلەن چوڭ پەرق قىلىدىغانلىقىنى، ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئىستىقلالچىلىرىنى تېررورچىلار دەپ قارىمايدىغانلىقىنى

(36) داۋىد مۆرفىي: «ئۇيغۇرلار ئافغان ئەمەس»، شياڭگاڭ مۆلاھىزە نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى، 2001-يىل، 11-ئاينىڭ 29-كۈنى.

بىلدۈردى.[37] ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل مەيدانى گەرچە ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئاتالمىش مۇسۇلمان تېرروررچىلارغا تۇتقۇاتقان ئومۇمىي پرىنسىپىغا ماس كەلمىسىمۇ، بىراق ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خىتايدىكى ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىلىرىگە، بولۇپمۇ دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. [38]

بىراق، 2002- يىلى 8- ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۇلارنىڭ كېلەچەك تەقدىر-قىسمىتىگە پايدىسىز بىر بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى. يەنى ئامېرىكا دۆلەت كېڭىشى ھەممىگە مەلۇملۇق بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى تېرروررچى تەشكىلات دەپ جاكارلىدى. ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى يەنە بىر شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتى نامى بىلەن قۇرۇلغان تەشكىلاتنىڭ قىرغىزىستاندىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئىسپات سۈپىتىدە كۆرسەتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئوسامە بىن لادىننىڭ بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە خىتايدا يۈز بەرگەن 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېرروررلۇق پائالىيىتىگە مەسئۇل بولۇشى لازىملىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلگىرى خەلقئاراغا قانداق چۈشەندۈرگەن بولسا، شۇ سانلىق مەلۇمات بويىچە قايتىدىن كۆچەپ تەكىتلىدى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى 200 دىن ئارتۇق تېرروررلۇق ھەرىكىتىنى بىر قانچە ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا يۈكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتى بۇنى تەن ئالمىدى. سەرگەردانلىق ھاياتىنى تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باشلىقى ھەسەن مەخسۇم ئۆزلىرىنىڭ بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئىقتىسادىي ياردەم قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ۋە بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ شەخس سۈپىتىدە بىنلادىن بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغانلىق ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمىدى.[39]

شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىتابىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئامېرىكا

(37)«ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار چوقۇم خىتايغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك»، رېيتېر ئاگېنتلىقى، 2001- يىل، 12- ئاينىڭ 11- كۈنى .

(38) فىلىپ. پ. پان: «ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايوندا تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقىنى ئاگاھلاندۇردى»، ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى، 2002- يىل 8- ئاينىڭ 29- كۈنى.

(39) ئەركىن پولات: «ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى مەسىلىسىگە پوزىتسىيەسىنى توغرىلىدى»، ئۇيغۇر ئۇچۇر ئاگېنتلىقى، 2002- يىل، 8- ئاينىڭ 27-، 31- كۈنلىرى.

ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە چەك قويۇۋاتقان ۋاقىتتا، گەرچە بۇ تەشكىلات نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىگە ناتونۇش بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى خەلقئارالىق قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلماقتا ئىدى. شۇندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە بىمالال ھالدا «تېررورىزم» قالپىقىنى كەيدۈرۈپ، دەھشەتلىك تۈستە باستۇرىدىغان بولدى. ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ چەتئەلدىكى باياناتچىلىرى ئامېرىكىنىڭ بۇ قارارىنى بىلگەندىن كېيىن تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا، ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىدىن ئىبارەت دېموكراتىك بىر دۆلەتتە ئادىل مۇئامىلە ۋە ھېسداشلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىنى، ھالبۇكى ئەمدىلىكتە كەلگەندە ئۇلار ئىشەنچ باغلىغان دۇنيادىكى بىردىنبىر دۆلەتنىڭمۇ مەنپەئەتكە «سېتىلىپ» كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تايانغىلى بولىدىغان ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ۋە دوستلارنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.[40] ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەر ئۇيغۇر ئىستىقلالچىلىرىغا نىسبەتەن ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساسى يوق ئىسپات ئۈستىگە قۇرۇلغان دەپ گۇمان قىلدى ۋە بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۇ خىل ئۆزگىرىش خىتاي بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىسىدىكى مۇرەسسەچىلىكنىڭ بىر قىسمىدۇر دەپ چۈشەنچە بەردى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا، ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەملىك تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشە بولىدىغان بولدى. قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇرلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى «11- سېنتەبىر ۋەقەسى» سەۋەبىدىن ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان تارىخىي كەچمىش بولۇپ قالدى.

## ئاخىرقى خۇلاسە (تۈگەللىمە) ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە پەرەزلەر

بىز ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارايمىز. ئېنىقكى، كەلگۈسىدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭىيىدۇ. چۈنكى نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى

(40) يېقىنقى مەزگىلدە خىتايدىكى ئەيدىز يۇقۇم ئەھۋالى جىددىي ئاخبارات قىلىنىۋاتقاندا، شىنجاڭ پەۋقۇلئاددە زىيانلىنىش رايونى قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئاخباراتىدا بىر بۆلۈك خىروئىنلار بۇ رايونغا ئافغانىستاندىن كەلگەن ئىكەن.

قەبىھ بىر ۋەزىيەتكە دۇچار بولماقتا. كەڭ كۆلەملىك يەرلىكلەشتۈرۈلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا تەھدىت سالماقتا. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئىشىنىمىزكى ئىسلام دىنى مىللىي ھېسسىياتنى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ھەتتا ئىسلام دىنى دىنسىز زىيالىيلارنى مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

«11- سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش سېپىنىڭ كېڭىيىشى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاجىزلاتتى ۋە ئۇلارنى يېتىم قالدۇردى. بۇ خىل ۋەزىيەت كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ تېررورىزم ۋە ئاشقۇنلۇقلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن گۇمانلاندۇردى. ناۋادا چەتئەلدىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە  ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى دۆلەت سىرتىدىكى ھېسداشلىق بىلەن بولىدىغان تۈرلۈك شىكايەت قىلىش پۇرسەتلىرىنىڭمۇ ئىشكى ئېتىۋېلگەنلىكىنى بايقىغىنىدا، بولۇپمۇ ياۋروپادا بۇنداق ئەھۋال بولغىنىدا، ئېنىقكى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ئىستىقلالچىلىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدىكى ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلەر» نىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە پايدىلىنىدىغان قورالغا ئايلىنىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ ھەرگىزمۇ بارلىق ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىك جەملەنگەن ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشقۇنلۇققا ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ خىل ۋەزىيەت قىزغىنلىقى چەكتىن ئاشقان ئىسلامىي كۈچلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ھېسداشلىق قىلىشىغا بوشلۇق يارىتىدۇ. ئېنىقكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاقدىشى كەملىكى سەۋەبلىك، ئۇلار بىر قىسىم ئىسلامىي كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىشى مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكتىن ئاشقان دىنىي كۆزەتكۈچلىكى ۋە دىنىي قاتتىق بېسىمى تەتۈر ئۈنۈم بېرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىدىكى دىنىنىڭ مەركەزلىك رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى دىنىنى «ئىدارە قىلىش» ھەققىدە توختالغاندا، ئۇ ئېنىق قىلىپ ئىسلامىي تۈسنى ئالغان ھەرىكەتلەر دۆلەتنىڭ ۋە رايوننىڭ تۈزۈلمىسىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچتۇر دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇرلارنى خىتاي كۆچمەنلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىغا قارشى ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىققا ئىگە قىلىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن ئۇزاقتىن بىرى بىۋاستە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېھقانلار قاتلىمىغا كۆرسىتىدىغان پاسسىپ تەسىرى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىدۇ. چۈنكى ئىسلامىي پائالىيەتلەر ۋە مىللىي كىملىك ئېڭى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا كۈچلۈك بولۇپ، كۆچمەنلەرنىڭ كۆلەملىك ھالدا ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئېنىقكى يېزىلاردا ئىسلامىي ئاڭ بىلەن مىللىي كەيپىياتنى بىرلەشتۈرىدىغان مۇنبەت زېمىننىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بىراق شىنجاڭدىكى كەڭرى كەتكەن ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ چەكتىن ئاشقان دىكتاتۇرا كۈچى ئۈستىدە ئويلانغىنىمىزدا، ئىسلامىي ئاڭ بىلەن مىللىي كەيپىياتنى بىرلەشتۈرىدىغان بىر مۇھىتنىڭ تېزلىكتە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىشىنى ئۇنداق ئاسان ئىش دەپ ئويلاپ قالساقمۇ بولمايدۇ.

سىلىشتۇرما نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، پەلەستىنلىكلەر، چېچەنلەر، كەشمىرلىكلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى بۇ بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان بېسىمى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى بارا-بارا كۈچىيىشكە ۋە ئۆتكۈرلىشىشكە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولغان. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە ئىسلام دىنى ئامىلى كۈنسايىن كۈچىيىپ بارىدۇ دەپ قارالغىنىدىمۇ، بۇ ھەرگىز ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تىز پۇرسەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار خىتايغا بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە ئېرىشەلىسىمۇ، بىراق كۈنىمىزدىكىدەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈچى چوڭ بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، ھەر خىل شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئاكتىپ نەتىجە بىلەن تۈگەللىنىدۇ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ قىيىنلىقى ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنىڭ چەكلىكلىكى

سەۋەبىدىن، بىز شىنجاڭنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن مۆلچەر بىلەن بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. بىراق، بىزنىڭ يۇقىرىقى ئازغىنە كۆزىتىشمىزدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئېھتىمال ئىسلام دىنى تەسىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئوينايدىغان رولىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى يەككە ئۇيغۇرنىڭ كۈرەش قىلىش ئىستراتېگىيىسىدىكى تاللىشى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

**چوڭ خىتايچىلىققا قوشۇلۇپ كېتىش ۋە ئىسلام دىنىغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە**

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىغا بىۋاسىتە خەۋپ دەپ ئەندىشە قىلىدىغان ئىش- ئىچكى موڭغۇلىيىچە ئەندىزىنىڭ كۈنسايىن زورىيىۋاتقانلىقىدۇر. بىر قىسىم كىشىلەر ئازابلانغان ھالدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدۇر دەپ قارايدۇ. خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدا تۇرۇپ نوپۇسى %20 گە يەتمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى خىتايلارغا تارتتۇرۇپ قويدى. موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋي تۇرمۇش شەكلى ساياھەتچىلەر ئۈچۈن كۆرەك قىلىنىش ۋە مۇزېيلاردا كۆرگەزمە قىلىنىش رولىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاللىقاچان جان ھەلقۇمغا كەپ قالدى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياستى سۈنئىي ھالدا بولسىمۇ موڭغۇللارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى قوغداۋاتقاندەك قىلسىمۇ، موڭغۇللارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئالمىشىشى نەتىجىسىدە، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مىللىي توپنىڭ بۇ زېمىندىن غايىب بولۇشى مۇقەررەر بولۇپ قالدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىغا كەلسەك، ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن موڭغۇلچە تەقدىر- قىسمەتنى راۋا كۆرىدىغان رازىمەنلىك ئېڭىغا ئىگە. بۇلار بىر كىچىك توپ بولۇشىغا قارىماي ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق خىتاي مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن . ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا خىتايچە سۆزلەپلا يۈرىدىغان، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەن دىنسىز ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار خىتايلارنى خىتايدىكى يېتەكچى كۈچ دەپ قاراپلا قالماستىن، ئۇلارنى بىر خىل ئىلغار ھەم تەرەققىياتى تېز بولغان جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇيغۇرلار بۇنداق ئۈلگىلىك جەمئىيەتكە چوقۇم ئەگىشىش كېرەك، بولمىسا شاللىنىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ كېتىشى، ھەتتا ئاسسىمىلاتسىيە

بولۇپ كېتىشى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك زامانىۋىلىشىشنىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ روشەن مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قىلىش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىشتۇر، خالاس. ئاز سانلىق بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى دىنىي نۇقتىدىن ۋە ياكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر خىل پاسسىپلىقنىڭ نىشانىسى بولۇپ، ھەتتا ئۇ فېئودالىزمنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىشىش (خىتايلىشىش) تەرەققىياتىغا بىر توسالغۇدۇر.

**ئۇيغۇر ئاپتونومىيەچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىسلامىي مەۋقەسى**

ئۇيغۇرلارغا خىتاي رامكىسى ئىچىدە يۈكسەك ئاپتونومىيە بېرىش خېلى كەڭرى تارقالغان ئىككىنچى ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇستۇر. بۇ ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇس ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. بۇ خىل ئىستراتېگىيەنى قوللايدىغان ئۇيغۇرلار كۆنمىزدىكى ئىسمى بار جىسمى يوق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەقىقىي مىللىي ئاپتونومىيە قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ئانا ماكانى بولغان شىنجاڭنىڭ كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرى ساقلاپ قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر مۇھىم نىشانى كەڭ كۆلەمدە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭغا يۆتكىلىشىنى توختىتىش، ھەم كۆچمەنلەر ئىچىدىكى تېخنىكا خادىمى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كەلمىگەنلەرنى ئىچكىرىدىكى يۇرتىغا قايتىشقا ئىلھام بېرىپ، پەقەت كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە كۆچمەنلەرنىلا ساقلاپ قىلىش، ھەم ئۇلارنى يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا مەركىزى رايوننىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان كۆچمەن سۈپىتىدە تەڭشەشتۇر. بۇ لايىھەدە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بارغىلى، ئۇيغۇرلارنى شىنجاڭنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلماسلىقتىكى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرلىك رولغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. خۇددى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە ئوخشاش، بۇ خىل ئىستراتېگىيەنى تاللىغان ئۇيغۇرلار دىنىي ئىلىم ئەھلى بولغان كىشىلەرنى

دىنىي چۈشەنچىلەرنى ۋە دىندىن خالىي چۈشەنچىلەرنى ئەركىن ھالدا ئاممىغا ئومۇملاشتۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى بارلىق خادىملارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە دىندىن خالىي مائارىپتا تەربىيەلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن شىنجاڭ خەلقى ئۆزىنىڭ يەرلىكتىن بولغان كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە كەسپىي خادىملار قاتلىمىنى تەربىيەلەپ چىقالايدۇ. بۇ خىل ئىستراتېگىيە ئۇيغۇرلارغا نۆۋەتتە كۈچلۈك مۇستەقىللىق تەلىپىدىن خالىي ھالدىكى خىتاي سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان سالماق ئۇسۇلنى تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ خىل ئىستراتېگىيەدە ئىسلام دىنى مۇھىم رول ئوينايدۇ، بىراق خىتايغا قارشى قوراللىق غازات قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل گەرچە مۆتىدىل يول تۇتۇش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال سىياسىتى بۇنىڭغا بىۋاستە قارشىلىقنى شەكىللەندۈرگەن. مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي دائىرىلەر نۆۋەتتىكى خىتايلار ھەممە ئىشنى ئىگىلەپ تۇرغان بۇنداق قاتمال ۋەزىيەتنى قايتىدىن تەڭشەشنى خالىمايدۇ، ھەم خالىمايدۇ ئەمەس ئەدناسى ئازراق قىزىقىپمۇ قويمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۆپىتىدە ئىش باشقۇرغۇچىلار تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر» نى ھېسابقا ئالمىغاندا، نۆۋەتتىكى ئىلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسەت ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولۇۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەم ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر» ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇرۇشنىڭ دەستىكى بولۇپ قالىدۇ.

مۆتىدىل يول تۇتۇۋاتقان ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر پائالىيەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىسلام دىنى تىز قەدەم ئېلىۋاتقان زامانىۋىلىشىش باسقۇچىدا ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەتلەق سىياسىتى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرنى تىزگىنلەشتە ئەخلاقىي رامكا بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلار تىز زامانىۋىلىشىش ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەتلەقلىقى جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەم خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى ھاكىمىيەتلەقلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ھاراقكەشلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئائىلىۋى زوراۋانلىق، جىنسىي ئەركىنلىك جەمئىيەتكە يامراشقا باشلىدى، بۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگىنى ئەيدىز كېسىلى ۋە چەكسىز

ئۈمىدسىزلىك بولدى دەپ قارايدۇ. گەرچە بەزى تەدبىرلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ئادەمنى ئازراق ئۈمىدلەندۈرسىمۇ، لېكىن بۇ ئىجتىمائىي جىنايەتلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى چوڭ ۋەزىيەتتىن كېلىۋاتقان بىزارلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالغان. ھاراقكەشلىككە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلگەن نۇرغۇن ياشلار بۇ ئىجتىمائىي بىنورماللىققا قارشى تۇرۇشتا ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلىق رولىنى بارا-بارا چۈشىنىپ يەتكەن. ھەم ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق رەزىللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بىردىنبىر ئەخلاقىي قورالىغا ئايلانغان.

## ئۇيغۇر مۇستەقىللىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ رولى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچىنچى خىل ئىستراتېگىيەلىك نىشانى تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشىش، ھەتتا قوراللىق ئىنقىلاب قىلىپ مۇستەقىللىققە ئېرىشىشتۇر. يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئەلرايى سىنىقىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، چەتئەللەردىكى زور كۆپچىلىك سەرگەردان ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىققە ئېرىشىشنى بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارايدىغانلىقى مەلۇم. بىراق ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىش تۈگۈل شۇنداق غايىدە پىكىر قىلغانلارنىمۇ قاتتىق باستۇرۇپ كەلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ رايوندا ئۈزلۈكسىز ھالدا كىچىك كۆلەمدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىنىپ تۇردى. قاتتىق مەخپىي تۇتۇلىدۇ دەپ يېغىپ ساقلىنىۋاتقان تولىمۇ كۈلكىلىك دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، بىر قىسىم قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىسلام نامى بىلەن كېڭەيگىلى تۇرۇپتۇمىش. خىتايدا ئادەتتە بۇ خىلدىكى ئىشلار خەۋەر قىلىنمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئىشلار پەۋقۇلئاددە «سەزگۈر مەسىلە» دەپ قارالغانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك» كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. خىتايدىكى ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئادەت يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلمايدۇ، پەقەت «ھەل قىلىنىپ» بولغاندا ئاندىن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى تاراتقۇلاردا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئاتالمىش «ھەل قىلىش» بولسا، ئادەتتە ۋەقە يولباشچىلىرىنىڭ تۇتۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ سانلىق جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغانلىقىنى، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغانلىقى ۋە ئەملىنىڭ

تۆۋەنلىتىلگەنلىكى بىلەن كۈپايىلىنىدۇ.

بىر قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا «دىنىي تۈس ئالمىغان» دېيىلىپ ۋە «ئىسلام» نامى بىلەن باغلىنىپ ئىككىگە ئايرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. گەرچە دىن بىر قاتار قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئىسلامىي نام بىلەن كۈرەشنى قانات يايدۇرمىغان. خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئاشۇ مىللىي كۈرەش جەريانىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ئۈچۈن شەھىد بولغان دەپ قارىلىپ، يەرلىككە قويۇلغاندا جامائەت تەرىپىدىن ئاللاھنىڭ بەخت-سائادىتى تەلەپ قىلىنىدىكەن.[41] دەرۋەقە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىدە قۇربان بولغانلارغا ئاشۇ «شەھىد» ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ مۇئامىلە قىلىدىكەن، لېكىن باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي جىنايەتلەر بىلەن ئۆلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەن.

چەتئەلدىكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى قوراللىق ئىنقىلاب بىلەن ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋەت ئەھۋالىنى بىلىشى تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. 1997- يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا ئىنقىلابىدىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشى ئۈچۈن پاسپورت بېجىرىشى، ۋە يا ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن چەتئەلدە ئوقۇش، ھەج قىلىشتەك ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق ھالدا تەسلىشىپ كەتتى. قىسقىسى ئۇيغۇر ئۈچۈن پاسپورت بېجىرىش توختىتىۋېتىلدى. مەسئۇل خادىملار ئۇيغۇرلار چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئاشقۇن ئىدىيە، يېڭى ئىسلامىي پىكىرلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ كىرىپ شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. يەنە كېلىپ ئىنتېرنېت تورىدىمۇ چېچىنىيە، ئافغانىستان ۋە كەشمىردىكى ئىسلامىي كۈرەشلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر كۆپلەپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ كەتتى.

شۇ سەۋەبدىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىنىڭ بىر قىسمىدا قوشنا دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ۋە قاتتىق باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چەتئەلدىكى سىياسىي

(41) ھۆكۈمەت بىر قاتار خەلقئارالىق قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىدە قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى ئاشكارا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئېھتىمال ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ۋە ئارىلىقنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ھەقىقىي دەپنە مۇراسىمى جەريانىدا ئۇنداق بەخت-سائادەت تىلەشمۇ ئاخىرلىششى مۇمكىن.

پائالىيەتكە ۋە ئىسلامىي كۆرەشلەرگە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنى پاكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. خىتايغا قايتۇرۇلغان بۇ پاناھسىزلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. چېگرا ئاتلاپ شىنجاڭغا قورال ياراق يۆتكەش سادالىرى بولۇۋاتقىنىدا، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئاللىبۇرۇن سەزگۈرلۈكنى يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈپ بولغان ئىدى. ناۋادا چەتئەلدىكى مۇسۇلمان جەڭچىلەر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كىرىپ قالسا، شۇ زامان ھۆكۈمەتنىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن پاك-پاكىز يۇغۇشتۇرۇلاتتى ۋەياكى قولغا ئېلىناتتى. دېمەك، ۋەزىيەت شۇنداق بولغان ئىكەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئۈنۈم بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق غازات قىلىشى كۈندىن-كۈنگە تەسكە توختىغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شىنجاڭدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىك ھالىتىدە توختاپ قالغان ئەمەس. نۆۋەتتە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ئوچۇق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئېتىراپ قىلغىنى يوق. ئومۇمەن يۈز بېرىۋاتقان مىللىي ۋە ئىسلامىي كۈرەشلەرنى «ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار» ياكى «كىچىك تىپتىكى قانۇنسىز ئاشقۇن دىنىي گۇرۇپپىلار» دېگەن قېلىپلاشقان گەپ-سۆزلەر بىلەن بۇرمىلاپ، ئۆزىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇۋاتىدۇ . بىراق، ھەر قانداق بىر ئادەم ئۇيغۇرلارغا بولۇۋاتقان مۇستەملىكىچىلىكنىڭ چەكتىن ئاشقۇنلىقىنى ۋە ھاياتلىقىنىڭ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىنكاس قىلىدۇ ۋە ئەقىلگە سىغدۇرالمايدۇ. مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىنكى، پەلەستىن ۋە چېچىنىيەدىكى قوزغىلاڭلار ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلىۋاتقان ۋە ئۇلار شۇنچە كۆپ زىيان-زەخمەت تارتقان بولسىمۇ، قارشىلىق كۆرسىتىش تېخى توختاپ قالغىنى يوق.

كۈنىمىزدە خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەت رايونىدا ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئىنسانىي ياردەم پائالىيەتلىرى، ئاممىۋىي جامائەت پىكرى ۋە خەلقئارالىق بېسىملارغا قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان ھالەتكە كەلگەندەك قىلىدۇ. لېكىن بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى زورايسا، مەيلى ئۆزلۈكىدىن بولسۇن ياكى تەشكىللىك بولسۇن بۇ كۈرەشلەر ئازراق ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ مەزكۇر ماقالىنىڭ

يۇقىرىقى قىسمىدا تەخمىنلىگىنىمىزدەك، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر مەيدان غازات ئۇرۇشى پارتلايدۇ . ناۋادا شۇنداق بولىدىكەن بۇ كۈرەشتىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئوينايدىغان رولى تېخىمۇ ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا خەلقئارالىق جەمئىيەتمۇ ئىنقىلابىنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتىغا خالىغانچە كېسىم پىچىشقا ئامالسىز قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، شىنجاڭدىكى خىتاي كونتروللىقىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلامىي دىنىي خادىملارنىڭ رولى بارا-بارا كىچىكلەشكە باشلايدۇ. ھېلىمۇ «خىتايغا كەتمەن چېپىۋاتقان دىنىي خادىملار» نىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقى پات-پات ئاخبارات ساھەسىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى.[42] ئېنىقكى بۇ ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۈچۈن بەرىبىر. دېمەك، شىنجاڭدىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كەسكىن بولۇۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ناۋادا ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەرەپدارلىرى ۋە كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاخۇنلار ئىسلام دىنى ۋە ياكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىۋاتقانلىقى تولۇق ئېتىراپ قىلىنسا، ئۇ ھالدا بۇ دىنىي خادىملار ناھايىتىمۇ چوڭ خەۋپ-خەتەرگە يولۇقىدۇ. بۇ خىلدىكى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش مۇقەررەر ھالدا دىنىي ۋەزىيەتنى ئىككى قۇتۇپلىششقا ئېلىپ بېرىپ، دىنىي خادىملارنى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەرەپدارلىرى ئارىسىدا جىددىي تاللاشقا دۇچار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە ئىلگىرىكىدەك ئوتتۇرىدا تۇرۇپ جان باقىدىغان ئىشقا يول قالمايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئىسلام دىنى ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ئېھتىمال يوشۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خادىملارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي خادىملارنى بۇنداق يوق قىلىشى، ئاقىۋەتتە دىنىي خادىملارنىڭمۇ ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيىتىگە قېتىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، زور كۆپ سانلىق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىشى سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتىدىكىگە ئوخشاش ئىككىنچى بىر خىل ئەھۋالنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. يەنى دىنسىزلارنىڭ نەزىرىدە، دىنىي خادىملار مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالاشقانلىقى سەۋەبلىك، ئىسلام دىنى بىر مەھەللىك ئەنئەنىۋىي قانۇنلۇق ئورنىنى سۇسلاشتۇرۇپ

(42) بۇنىڭغا مىسالەن، بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ 1997- يىل، 9- ئاينىڭ 17- كۈنىدىكى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەتتە نەپەر ئىمامى ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى» ناملىق خەۋەرگە قارالسۇن.

قويۇشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خىل تەرەققىيات ئاللىبۇرۇن دىنىي ئېتىقادچى ئاممىنى «سېتىلغان، مۇناپىق ئالىملار»غا كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغان ئەھۋالغا ئىگە قىلىپ بولدى. ھەم بۇ ئالىملار ئىسلامىي ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نەزىرىدە ئىسلام ۋە مىللەتنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىدىغان بولدى.

چەتئەل كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان دىققەت-نەزىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋال ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولدى. يېڭى بىر ئەۋلاد بېيجىڭ ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىكى ئوبرازىغا ناھايىتى سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدىغىنى ئۈچۈن بۇ خىل ۋەزىيەت ئەلۋەتتە يەنە داۋاملىشىدۇ. خۇددى دالاي لاما ۋە تىبەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى ئويلىغىنىدەك تىبەتلىكلەرگە زورلۇق بىلەن قوپال مۇئامىلە قىلالمايدىغان بولدى. ھەم ئۇيغۇرلارمۇ بۇنداق رېئال ئەھۋالنى كۆردى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ دالاي لاماغا ئوخشاش خەلقئارالىق بىرەر سىياسىي پائالىيەت تەشكىللىگۈچىسى بولمىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى تېزلا تىبەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئەندىزىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى رېئاللىقتىن يىراق ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى «چۈشەنگىلى بولمايدىغان» قارشىلىقلىرى ۋە قوراللىق ھەرىكەت قوللىنىشى يەنىلا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى غايەت زور بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن تولىمۇ مەسخىرىلىك بولغىنى شۇكى، ئىسلام ئىدىيە سىستېمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق رېئاللىق ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق ۋە ئاسىيالىق ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى تەزدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ كىشىلەر «ئىسلامىي قىزغىنلىق» دولقۇنىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ كۆلەملىك ئەۋج ئېلىشىدىن قورقىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، خىتاي قولىدىكى بۇ كوزىرىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. خۇلاسىلىگەندە، شىنجاڭدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى دەھشەتلىك، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك، كۆلەملىك، ئۇزاق مۇددەتلىك، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرى چۈشكىدەك قىزغىنلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ھەم شىنجاڭلىقلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى «مىڭى خاتا تۇتۇلسا مەيلىكى، بىرنى توردىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن سىياسىي مۇشتۇمزورلۇقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان

ۋەزىيەتتە، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ غايەت زور ھاياتلىق بەدىلى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

## شىنجاڭدىكى سىياسىي ئىسلامنىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار

شىنجاڭدىكى سىياسىي ئىسلامنىڭ كەلگۈسىنى تەخمىنلىگىنىمىزدە، ئۇيغۇرلار دېگۈدەك ئۆزىنى ھېچقانداق چىقىش يولى يوق دەپ قارىغانلىقتىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پورۇختەك جىددىي قارشىلىشىش يۆلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ خىتايلارنىڭ كونترول قىلىشى تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئۆزىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قىلىشى مۇمكىن. بىراق، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئامالسىزلىققا ساھىب چىقىش سەۋەبلىك بۇ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئېنىقكى، بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى گەرچە ئاز بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ.

1- خىتايدىكى مەركىزى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ئاجىزلايدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە ۋە ئېفىئوپىيەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن غەيرى كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈش ھۆكۈمەتكە مۇقىمسىزلىق ئەكەلگەن، بولۇپمۇ مىللەتلەر مەسىلىسى ئىشىنىڭ تۈگىنىگە ئايلانغان. گەرچە يېقىنقى دەۋردىكى ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈش خىتاينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئاۋۋالقىدەكلا مەۋجۇت. ناۋادا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ قالسا، يۇقىرىقى مەسىلىلەر غايەت زور پارتلاش خاراكتېرلىك ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، زەئىپلەشكەن مەركىزىي ھۆكۈمەت خۇددى خىتاي تارىخىدىكى خاندانلىقلارنىڭ يوقۇلۇش يوسۇنىغا ئوخشاش تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقۇتۇپ ۋەيران بولىدۇ-دە، ئالاھىدە رايونلاردىكى كۈچلەرگە، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا يول ئېچىلىدۇ. ئۇلارغا ئەركىنلىك سادالىرىنى ياڭرىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

2-خىتاي ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيەلىشىشكە يۈزلىنىدۇ؛ مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئارقىلىق بولسۇن، ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك تىنچ يول بىلەن دېموكراتىيەگە يۈزلىنىش ئارقىلىق بولسۇن، خىتاي ھەقىقىي مەنىدىكى

دېموكراتىيەگە يۈزلەنسە، ئۇيغۇرلار يۈكسەك ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ ئاپتونومىيە خىتاينىڭ دۆلەت زېمىن پۈتۈنلىكىنى ساقلاشنى ئۆزىگە شەرت قىلىشى تۇرغانلا گەپ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بۇنداق تەرەققىيات شىنجاڭدا ئىسلامىي قىزغىنلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ.

3- ئۇيغۇرلارغا دۆلەت سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى كۈچىيىدۇ؛ 11- سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئېھتىمال بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن. يەنە كېلىپ خىتاي ئالدىن قول سېلىپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارقىلىق بۇنداق ئېھتىماللىقنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى تېررورچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى خىتاي بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىسلامىي قىزغىنلىق تۈسىنى ئالغان ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئېغىر ئەندىشىسى بار. شۇ سەۋەبلىك نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي تۈس ئالغان ھەرىكەت بىلەن خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئۇلار خالاپ كەتمەيدۇ. لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ بۇ رايوندا كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىشىدا سەۋەبى بار. بۇنىڭ تارىخىي سەۋەبى شۇكى، ئۇلار خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دۆلەتلىرى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مەسىلىسىگە ئارىلىشىدۇ ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر تەشكىلاتلىرىغا ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئۈمىدىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

ناۋادا ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى ئوتتۇرا شەرقتىكى بىرەر ئىسلام دۆلىتى، ۋە ياكى بىرەر مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىگە بەكرەك ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ قوللىسا، بۇ چېگرا سىرتىدىكى ئۇيغۇر قارشىلىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دىنى جەھەتتىن بولسۇن ياكى مىللىي جەھەتتىن بولسۇن شىنجاڭغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىڭىپ كىرىشىگە ئىمكان بېرىدۇ. ئادەمنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ناۋادا چەتئەلدە خەلقئارانىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ئىقتىدارلىق بىر ئۇيغۇر رەھبەر چىقىپ قالسا، ئۇ ھەم ئىسلامنىڭ شەرىپى

ھەم ئۇيغۇنلۇق نامى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسىنى ھىمايە قىلىدۇ ھەم شىنجاڭنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئاست-سىرتتىن ھەمدەمدە بولۇۋاتقان بىرەر ئارقا تېرەكنى ئىزدەپ تاپالمايمىز. خۇيزۇلار بولسا خىتايدىكى مۇستەقىل بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار بىلەن پۈت تېپىشىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ. لېكىن شۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇكى، خۇيزۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى پىكرىي ئىسيانكارلىقى ھەمدە ئۇلار ئېرىشكەن ئەۋزەل سىياسەت ئېھتىمال ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان بىر تۈركۈم بېسىملارنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن . ھەم بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كۆچمەنلىرىنى شىنجاڭنىڭ سەزگۈر رايونلىرىغا يەرلىكلىشىشنى چەكلىشىگە ئىلھام بېرىشى ۋە خىتاينىڭ ئادىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشىغا ئىلھام بېرىشى مۇمكىن . بىراق نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بۇنداق ئېھتىماللىق ناھايىتى ئاز. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسەتنى ئەركىنلەشتۈرۈش يۆلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلسا، ئۇ ھالدا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ئېھتىماللىقى كۈچىيىدۇ. شىنجاڭدىكى–قازاق، قىرغىز ۋە تاجىك قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قازاندا پۇرچىقى پىشمايدىغان بولۇپ، ئۇلار خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا رازىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىمايدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پاكىستان ھەم ئافغانىستان چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىن بىلىم ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش مەركىزى بولغان ئىدى. ئامېرىكا تالىباننى ئاغدۇرغاندىن كېيىن ئافغانىستان ئىسلامىي قىزغىنلىقنى ۋە پارتىزانلار مەشىق لاگېرىنى قوللىمايدىغان دۆلەتكە ئايلاندى. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن تېررورلۇققا قارشى جەڭ قىلىۋاتىسمۇ، بىراق پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسىنىڭ سىرتىدىكى ئىسلامىي قىزغىنلىق ئېگى يەنىلا كۈچلۈك. ناۋادا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پاكىستاننىڭ سىياسىي ساھەسىدە ئىسلامىي قىزغىنلىق كۈچىيىپ، كەشمىر ۋە شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلەرگە ئارقا تېرەك بولۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ بېيجىڭغا تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى ئىسلامىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى ئاللىقاچان دۆلەت ئىچىنىڭ مۇقىملىقى تەھدىتكە ئۇچرىسا

پايدا كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى تاشقى سودىدىن ۋاز كېچىپ بولسىمۇ چېگرانى تاقايدىغانلىقىنى جاكارلاپ بولدى.

ئومۇمەن، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن كۈنلىرىنىڭ ياخشىلىنىش ئېھتىماللىقى بەك ئاز. لېكىن كۈنىمىزدىكىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى كۈنسايىن يامانلىشىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، مەيلى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بولسۇن ياكى دىندىن خالى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولسۇن داۋالغۇش ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان بۇ رايوندىن تولۇق يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شىنجاڭدا ھېلىھەم ئىسلامىي قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ دۆلەت ئىچى سىياسىيسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردا ئېنىقسىز بىر بۇرۇلۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدا ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرى بار. رۇسىيە 1940 - يىللاردا شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنى قوللىغان. ناۋادا خىتاينىڭ كۈچى ۋە رۇسىيەنىڭ ئادەمسىز سىبىرىيە رايونىغا يوشۇرۇن تەھدىت پەيدا قىلىشى كۈچەيسە، خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى كېيىنكى ئون يىلدا ئېھتىمال يامانلىشىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە موسكۋا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە بۇ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىسلامىي تۈس ئالمىغان ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە بولغان كونتروللۇقىنى بوشاشتۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئەگەر بۇنداق يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئاز بولغان ئىشلار بىر ئامالالاپ يۈز بېرىپ قالسا، ئېنىقكى بېيجىڭنىڭ سىياسەتلىرى تېخىمۇ رادىكاللىشىپ كېتىدۇ. ۋە بارغانسېرى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادى مۇناسىۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. ھەم ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ھەربىي كۈچىنى كېڭەيتىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر شىزاڭ مەسىلىسىدە قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى تاشقى ياردەم بىلەن تەمىنلەپ خىتاينىڭ كېڭىيىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن. بۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلار پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان نەتىجە بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئىككى ئىتتىپاقدىشى دەپ قارايدۇ. بىراق خىتاينى ئارقا سەپ تەمىناتى قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كونكرېت ئەھۋالى نۆۋەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپ. ئىلگىرىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە ئېيتىلغاندەك، ئامېرىكا ۋە

ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە ياردەم قىلىش جەھەتتە ناھايىتى بەك ئېھتىياتچان. (ئافغانىستاندىكى سوۋېت ئىنتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەت بۇنىڭ سىرتىدا) تالىبان ھاكىمىيىتىنىڭ رۇسىيەگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ياردەمگە ئېرىشكەندىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشنى ئويلانغاندا، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا ئىسلامىي قىزغىنلىق تۈسىنى ئالغان مۇشۇنداق بىر مۇساپىنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى گەۋدىلىك بولسا، ئۇنداقتا غەرب ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش جەھەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدەك بىر پاكىت مۇقەررەركى ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسلامىي تۈس ئالغان ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىشنى توسىدۇ، بولۇپمۇ تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇپ قالغان تەشكىلاتقا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ رولى مۇقەررەر كۈچلۈك بولىدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا كۆپلىگەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارزۇ قىلىۋاتقان ئاپتونومىيە ياكى مۇستەقىللىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈندۇر. لېكىن خىتاي زورلۇق كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى،مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىدە چېكىنىش پەيدا قىلغانلىقتىن، بۇ مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئېنىقكى خىتاي ئۇلارنىڭ مىللىي ئارزۇسىنى بېسىپ يوقىتىش غەرىزىدە بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇيغۇرلارنى ئاستا-ئاستا ماسلىششقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي شىنجاڭدىكى دىنىي سىياسەتنىڭ ياخشىلىقىنى ماختىغاندەك قىلىسمۇ، لېكىن شۇنىڭغا يارىشا خىتاينىڭ دىنى زاتلارغا، دىنىي مائارىپقا ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى بوشاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەلىل-ئىسپاتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، كۆز ئالدىمىزدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلار يېقىن كەلگۈسىدە يا خىتايغا باش ئېگىپ ياشاش ياكى خەتىرى بار ئىسلامىي مەشغۇلاتلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتايغا ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ ●

تەھرىر: ئا. مۇھەممەد يۈسۈپ

- باش تەھرىر: ئۇيغۇرلار ئەمدى تەپەككۇر يۈرگۈزمىسە بولمايدۇ
- ئابدۇرېھىم تۇرسۇن: قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئامىللار
- ئەركىن ئەكرەم: چەنتۇ - ختاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى (2)
- ئۆمەرجان نۇرى: مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى
- گراھام فۇللىر، جوناتان نىيمان: شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى